كرىلوف مەسەللىرى



# ئوۋچى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مىرزات ئابدۇللا تاجى




ISBN 978-7-228-10711-7

定 价:6.00元

# كرىلوف مەسەللىرى

## ئوۋچى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەخمەت ئىمىن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

克雷洛夫寓言. ③/(俄罗斯)克雷洛夫语言；艾合买提·伊明译—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.12
ISBN 978 - 7 - 228 - 10711-7

Ⅰ.克... Ⅱ.①克...②艾...Ⅲ. 寓言—作品集—俄罗斯—近代—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I512.74

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第158068号

责任编辑：阿不都吾甫尔·赛义丁
责任校对：阿依故丽·沙吾提
封面设计：米尔扎提·阿不都拉塔吉
绘　　图：阿米尔·托合提

克雷洛夫寓言③（维吾尔文）
艾合买提·伊明　译

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路348号　邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230毫米　32开本　3.375印张　2插页
2007年7月第1版　2009年2月第2次印刷
印数：3061—8060

ISBN 978 - 7 - 228 - 10711 - 7　定价：6.00元

بۇ كىتاب جياڭشى خەلق نەشرىياتىنىڭ 1979 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1984 ـ يىل 4 ـ ئاي 2 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىنغان نۇسخىسىغا ئاساسەن قايتا تەھرىرلىنىپ نەشر قىلىندى.

本书根据江西人民出版社1979年6月第1版、1984年4月第2次印刷本翻译出版的版本重新编辑出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇغوپۇر سەئىدىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايگۈل سابىت
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مىرزات ئابدۇللا تاجى
رەسىملەرنى سىزغۇچى: ئامىر توختى

كرىلوف مەسەللىرى — 3
تەرجىمە قىلغۇچى : ئەخمەت ئىمىن
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 № )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر ، 1/32
باسما تاۋىقى : 3.375 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2007 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2009 ـ يىلى 2 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىرازى : 8060 —— 3061
ISBN 978 — 7 — 228 — 10711 — 7
باھاسى : 6.00 يۈەن

# كرىلوف مەسەللىرى

## تەرجىماندىن

ئىۋان ئاندرېيېۋىچ كرىلوف (1769 — 1844) روسىيە دراما-
تورگى، ژۇرنالىستى ۋە مەشھۇر مەسەل يازغۇچىسى. مەسەلچىلىك
ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. كرىلوفنىڭ
مەسەللىرى روسىيە ئەدەبىياتى رېئالىزمىنىڭ مۇقەددىمىسى دەپ
تونۇلغان. ئۇنىڭ مەسەللىرىدە ئەزگۈچى سىنىپلارغا لەنەت، ئېزىل-
گۈچىلەرگە مەدھىيە ئوقۇلغان. بۇ مەسەللەردە روسىيە خەلقىنىڭ
ئەقىل - پاراستى ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرى كۆزگە يارقىن تاشلى-
نىپ تۇرىدۇ. بۇ مەسەللەردىن روسىيىدىكى ھەر قايسى قاتلام كىشى-
لىرىنىڭ ھەر خىل ئىدىيە، ھېسسىيات، مۇرەككەپ خاراكتېرى ۋە
خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ توغرا، ھەققىي، ئەينەن قىياپىتىنى كۆ-
رۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ كىتابقا كرىلوفنىڭ پۈتۈن ھاياتىدا يازغان بارلىق مەسەللى-
رى كىرگۈزۈلگەن. بۇ مەسەللەر ئەسلىدە شېئىرىي شەكىلدە يېزىل-
غان. ۋۇ يەن ئەپەندى بۇنى خەنزۇ تىلىغا ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە
قىلغان. ئىنگلىزچە تەرجىمىسىمۇ ئەسلىي شېئىرىي نۇسخا ئى-
كەن. لېكىن، خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغاندا، ئەسەرنىڭ ئومۇمىي
روھىنى تولۇق ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىش مەقسىتىدە نەسرىي شەكىل
قوللىنىلغان. ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغاندا، بۇ نۇقتا ئالاھىدە
كۆزدە تۇتۇلۇپ، سۆزلەر بىر قەدەر ئەينەن ئېلىنىدى، جۈملىلەر بەك
ئەركىن، يۇمشاق ئىشلىنىپ كەتكىنى يوق. ئارىدا ئىنگلىزچە،



خەنزۇچە ئىككى تىل كۆۋرۈك قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، بۇ تەرجىمە كرىلوف ئىجادىيىتىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىدىن خېلى يىراقلىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ نۇقسانىنىڭ كەلگۈسىدە ئەسلىي رۇسچىدىن قىلىنغان تەرجىمىسى بىلەن تېخىمۇ تولۇقلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.



# مۇندەرىجە


رىتسار ........................................................1

ئادەم ۋە ئۇنىڭ سايىسى ........................................3

دېھقان بىلەن پالتا ..............................................4

شىر بىلەن بۆرە ...................................................5

ئىت، ئادەم، مۈشۈك ۋە قۇرغۇي ................................6

ئۆمۈچۈك بىلەن يەللىك بوغۇم ئاغرىقى .......................8

شىر بىلەن تۈلكە ..................................................12

يۆگىمەچ ............................................................13

ئەتىۋار پىل ........................................................15

بۇلۇت ...............................................................17

تۆھمەتچى بىلەن زەھەرلىك يىلان ................................18

تەقدىر ئىلاھى بىلەن قەلەندەر ..................................20

پاقا بىلەن خۇدا ...................................................23

بىناكار تۈلكە ......................................................25

تۆھمەت ..............................................................28

تەقدىر كۆلۈپ قارىغان چاغدا ....................................30

بۆرە بىلەن پادىچى ................................................33

كاككۇك بىلەن پاختەك ............................................34

تارغاق ...............................................................36

ئاچ كۆز ئادەم بىلەن مىكىيان ....................................38

ئىككى ياغاچ تۇڭ .................................................40




ئالكېستىپس ........ 41

ئاپېللېس بىلەن تەخەي ........ 43

ئوۋچى ........ 46

بالا بىلەن يىلان ........ 47

قولۋاقچى بىلەن دېڭىز ........ 48

ئېشەك بىلەن باغۋەن ........ 50

بۆرە بىلەن تۇرنا ........ 51

ھەسەل ھەرىسى بىلەن چىۋىن ........ 53

چۈمۈلە باتۇر ........ 55

چارۋىچى بىلەن دېڭىز ........ 57

يىلان بىلەن دېھقان ........ 60

تۈلكە بىلەن ئۈزۈم ........ 61

قوي بىلەن تايغان ........ 63

تۇزاقتىكى ئېيىق ........ 64

بىر تۈپ بۇغداي ........ 65

بالا بىلەن مىتە ........ 67

مېيىتنى ئۇزىتىش ........ 70

تىرىشچان ئېيىق ........ 72

يازغۇچى بىلەن قاراقچى ........ 73

قوزا ........ 76

چاشقانلارنىڭ مەجلىسى ........ 78

تۈگمەنچى ........ 80

شېغىل تاش بىلەن ئالماس ........ 82






# كرىلوف مەسەللىرى

سايىاق بىلەن قارلىغاچ........................................84
كىچىك چىپار بېلىق........................................86
دېھقان بىلەن يىلان........................................90
دۈب دەرىخى ئاستىدىكى توڭگۇز........................................91
ئۆمۈچۈك بىلەن ھەسەل ھەرىسى........................................92
تۈلكە بىلەن ئېشەك........................................94
چىۋىن بىلەن ھەسەل ھەرىسى........................................96
يىلان بىلەن قوزا........................................98



# كرىلوف مەسەللىرى

## رىتسار

ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدە بىر رىتسار ئۆتكەنىكەن. ئۇ يىراق يۇرتلارغا سەپەر قىلىپ، ئاجايىپ - غارايىپ تەۋەككۇلچىلىكلەر بىلەن يېڭى - يېڭى شان - شۆھرەت قازانماقچى بوپتۇ. ئۇنىڭ يەنە ۋەھشىي جادۇگەرلەرنى ۋە زۇلمەت دىۋىلىرىنى جازالاش مەقسىتىمۇ بار ئىكەن.

※ ※

ئۇ ساۋۇتىنى كىيىپ، ئالدىغا ئېتىنى ئەكەلدۈرۈپتۇ ۋە سادىق ئېتىغا مىنىشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭغا تۆۋەندىكىچە ۋەزنى ئېيتىشنى زۆرۈر تېپىپتۇ:

— مېنىڭ ئالىيجاناب، سادىق تۇلپىرىم، سۆزۈمگە قۇلاق سالغىن !

— تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ، ئېتىز - دالا، ئورمانلاردىن ئۆتكەندە ئالدىڭدىكى ئەڭ تۈز، داغدام يول بىلەن ماڭغايسەن. رىتسارلىق دەستۇرىدا مانا شۇنداق ئېيتىلغان، يەنە كېلىپ تۈز يول شانۇشەۋكەتلىك، مۇقەددەس دىيارغا ئېلىپ بارىدىغان يول !

گىگانتلار مەملىكىتى مېنىڭ شەمشىرىم ئالدىدا تىز پۈككەن، چىن خاقانىنىڭ مەلىكىسى يۈزى شەلپەردەك قىزارغان ھالدا مېنىڭ ئەمرىمگە ئۆتكەن، پۈتكۈل پادىشاھلىقلارنىڭ ھەممىسى ماڭا مەنسۇپ بولغان چاغدا، تارتقان رىيازەتلىرىڭ تولۇقى بىلەن مۇكاپاتقا سازاۋەر بولىدۇ. ماڭا تەئەللۇق بولغان-



لىكى شان - شۆھرەتتىن سەنمۇ ئورتاق بەھرىمەن بولىسەن. ساڭا شۇنداق بىر ئېغىل ياسىتىمەنكى، ئۇ ھەتتا سۇلتانىنىڭ قەسرىدىنمۇ گۈزەل بولىدۇ، سېنى ئوت - چۆپلىرى بولۇق ئۆسكەن ئوتلاقلارغا ئاپىرىپ يايلىتىمەن. ھازىرغىچە قوۋزۇڭ توشقۇدەك سۇلۇمۇ يېيەلمىدىڭ، لېكىن سەن بارىدىغان جايدا ناھايىتى نۇرغۇن ياخشى نەرسىلەر سېنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، ياخشى - ياخشى ئارپىلارنى يەيسەن، ھەسەل شارابلىرىنىمۇ ئىچىسەن.

رىتسار سۆزىنى تۈگىتىپ ئېتىغا مىنىپتۇ - دە، تېزگىنىنى چۆرۈۋېتىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ مېڭىشىغا قويۇۋېتىپتۇ. شۇ چاغدا بۇ ياش، باتۇر ئات قىلچە ئىككىلەنمەي ئۇدۇل ئېغىلغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ.



## كرىلوف مەسەللىرى

# ئادەم ۋە ئۇنىڭ سايىسى

بىر كۈنى بىر قىزىقچى كىشى ئۆزىنىڭ سايىسىنى قوغلاپ بېقىش نىيىتىگە كەپتۇ. ئۇ قەدىمىنى شۇنداق ئېلىپ مېڭىپتىكەن، سايىسى ئالدىغا ئۆتۈپتۇ. ئۇ تېزرەك مېڭىپ باقسام قانداق بولار، دەپ قەدىمىنى ئىتتىك - ئىتتىك يۆتكەپتىكەن، سايىسىمۇ ئىتتىك - ئىتتىك يۆتكىلىپتۇ، ئاخىر ئۇ يۈگۈرۈشكە مەجبۇر بوپتۇ، لېكىن سايىسىمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ، خۇددى ئادەمنى تەلمۈرتۈپ تۇتۇق بەرمەيدىغان ئېزىتقۇغا ئوخشاش يۈگۈرۈپتۇ.

ئۇ كىشى ئاخىر توختاپتۇ ۋە كەينىگە بۇرۇلۇپ ئاستا قايتىپتۇ. بىر چاغدا ئۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قارىسا، سايىسىمۇ كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقۇدەك.

چوكانلار، مەن سىلەرنى سايىگە ئوخشايدۇ، دەپ جىق ئاڭلىغان، سىلەر مېنى بەلكىم بىزنى دەۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالغانسىلەر؟ ! ياق، بۇ مېنىڭ خىيالىمغىمۇ كىرىپ چىققىنى يوق؟ ! مېنىڭ كۆزدە تۇتقىنىم تەقدىر ئىلاھلىرى. ئۇلارنىڭ مىجەزى سايىگە ئوپمۇئوخشاش. بەزىلەر ئۇلاردىن ئامەتكە ئېرىشىشنى تەمە قىلىدۇ، نەتىجىدىچۇ، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىمۇ، تارتقان جاپالىرىمۇ بىھۇدە بولىدۇ؛ يەنە بەزىلەر تەقدىر ئىلاھىغا تەتۈر قارىغاندەك پەرۋاسىز يۈرىدۇ، ھالبۇكى تەقدىر ئىلاھى ئۇلارنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ، ئۇلارغا ئامەت دېگەننى ياغدۇرۇۋېتىدۇ.



# دېھقان بىلەن پالتا

دېھقان لىم ياساۋېتىپ پالتىسىنىڭ ناچارلىقىدىن قاقشاپتۇ ۋە پالتىسىنى ئاغزىنى بۇزۇپ غەزەپ بىلەن تىللاپتۇ. ئەپسۇسكى، ئۇ كىشى ھۈنەرگە چولتا بولسىمۇ، لېكىن گۇناھنى پۈتۈنلەي پالتىغا ئارتىپتۇ. بىر كىشى قورالىنى ئەيىبلەي دېسە، ئۇنىڭغا باھانە دېگەن تېپىلىدۇ ئەمەسمۇ.

— ۋۇي، لەنىتىيەي، — دەپتۇ ئۇ تىللاشنى داۋاملاشتۇرۇپ، — سېنىڭ نېمىگە لازىمىڭ بار؟ سېنى بارغۇ، قوزۇق ئۇچلاشتىن باشقا ھېچنېمىگە سالغىلى بولمايدۇ. مەن بىلىدىغىنىمغا، جاپاكەشلىكىمگە، گۈلدەك ھۈنىرىمگە تايىنىپ سەنسىزمۇ ئۆيۈمنى يېپىۋالالايمەن. قەلەمتىرىشىم بىلەنلا لىم ياغاچنى قانداق ياسايمەن دېسەم شۇنداق ياسىيالايمەن. باشقىلار پالتا بىلەنمۇ قىلالمايدىغان ئىشنى مانا مەن قەلەمتىراش بىلەنلا قىلىۋېتەلەيدىغان ئادەممەن.

— مېنى لىمغا سالدىڭ، — دەپتۇ كايىش ئاڭلىغان پالتا مەيۈس ھالدا، — مەن سېنىڭ قولۇڭدا مىدىرلاۋاتىمەنغۇ. مېنىڭ تەقدىرىم شۇ، سەن ماڭا خوجايىن، مەن سېنىڭ تەلەپىڭنىڭ نېمىلىكىنىمۇ سوراپ ئولتۇرماي، پەرمانبەردارلىق بىلەن ئىشلەشكىلا مەجبۇر. لېكىن، ئويلاپ باق (بولمىسا، كېيىن پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تېپىلماي قالمىسۇن)، سەن مېنى تاشلاپ قويۇپ، بىسىمنىڭ گاللىشىپ كەتكىنىنى بىلمىدىڭ. شۇنى دەپ قويايكى، قەلەمتىراش بىلەن ئۆي ياپىدىغان لىم ياغاچنى ياسايمەن دېيىشىڭ زادىلا مۇمكىن ئەمەس !



# شىر بىلەن بۆرە

شىر پادىشاھ پاقلان گۆشىنى مەززە قىلىپ يەپ ئولتۇرۇپتىكەن، ئۇنىڭغا يېقىنراق تۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنغان بىر كۈچۈك شىر پادىشاھنىڭ ئالدىدىكى بىر پارچە گۆشنى چىشلەپ ئەكېتىپ قاپتۇ. ھايۋاناتلار پادىشاھى بۇ ئىشنى كۆڭلىگە ئالماي، ئۇنىڭغا پەرۋاسىز قاراپ قويۇپتۇ. چۈنكى، كۈچۈك ھەم كىچىك، ھەم ئەقلى توشمىغان ھايۋان ئىكەن.

بۆرە بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ كۆڭلىدە شىرنى ناھايىتى مۇلايىم ھەم ئاجىز چاغلاپتۇ ـ دە، قولىنى سوزۇپ ئوبدان بىر پارچە گۆشنى يېمەكچى بوپتۇ. ئەپسۇس، بۇ بىچارە گۇناھكارنى پالاكەت بېسىپتۇ — شىر پادىشاھنىڭ ئوبدان تائامىغا ئايلىنىپتۇ.

— دوستۇم، — دەپتۇ شىر پادىشاھ بىمالال ئۇنى پارچىلاپ تۇرۇپ، — بايام كۈچۈكنى مەيلىگە قويۇپ بەرگىنىمنى كۆردۈڭ، راست، مەن ئۇنىڭغا چېقىلمىدىم، لېكىن سېنى ھەرگىز قويۇۋەتمەيمەن، ئۇ كىچىك، تېخى ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، لېكىن سەن ھەرگىزمۇ گۆدەك ھايۋان ئەمەس.





# ئىت، ئادەم، مۈشۈك ۋە قۇرغۇي

ئىت، ئادەم، مۈشۈك، قۇرغۇي تۆتى ياخشى - يامان كۈنلەردە، ئايرىلماسلىقتا، ھەقىقىي، سەمىمىي، چىن دوستلاردىن بولۇشقا، بىر ئۆڭكۈردە بىللە يېتىپ، بىللە يېيىشكە، مەيلى راھەت - پاراغەت، مەيلى قايغۇ - كۈلپەت تارتسىمۇ، بىرخىل ئۆتۈپ، خۇددى ئۇرۇق - تۇغقانلاردەك ئۆز ئارا ھەمدەمدە بولۇشقا، ئەگەر توغرا كېلىپ قالسا بىر - بىرىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن جېنىدىنمۇ كېچىشكە قەسەمياد قىلىشىپتۇ.

بىر كۈنى، ئۇلار بىللە شىكارغا چىقىپتۇ، ناھايىتى ئۇزۇن يۈرگەچكە، ھېرىپ، ئىسسىپ بىر ئېرىقنىڭ بويىدا دەم ئالماقچى بوپتۇ. ئولتۇرغىنى ئولتۇرۇپ، ياتقىنى يېتىپ، كۆزلىرى ئەمدى ئۇيقۇغا ئىلىنغاندا، ئورماننىڭ ئىچىدىن تۇيۇقسىز ئاغزىنى كاماردەك ئاچقىنىچە بىر ئاچ ئېيىق يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ.

بۇ دەھشەتلىك ئەھۋالنى كۆرۈپ قۇرغۇي پۇررىدە ئۇچۇپ كېتىپتۇ، مۈشۈكمۇ غىپپىدە يوقاپتۇ. ئەگەر بۇ چاغدا ۋاپادار ئىت ئېتىلىپ كېلىپ ئېيىققا ئېتىلمىغان بولسا، ئادەم ئاللىبۇرۇن جېنىدىن ئايرىلار ئىكەن. ئىت كاپلا قىلىپ ئېيىقنى چىشلەپتۇ. گەرچە ئېيىق ئۇنى ئېغىر بەستى بىلەن بېسىپ، ئۇستىخانلىرىنى مىجىۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇ ئاغرىققا چىداپ ھەدەپ غەزەپ بىلەن كاڭشىغىنىچە ئېيىقنى چىشلەۋېرىپتۇ. نېمىدېگەن قالتىس ئەزىمەت - ھە، ئۇ چىشىنى سۆڭەككە يەتكۈچە شۇنداق پاتۇرۇپتۇكى، تا جېنى چىققۇچە ئې-





# كىرىلوف مەسەللىرى

يىقىنى زادى قويۇپ بەرمەپتۇ.

خوش، ئەمدى ئادەمچۇ؟ مەن ناھايىتى نومۇس قىلغان ھالدا شۇنى مەلۇم قىلىپ قوياي: ساداقەت بابىغا كەلگەندە، بىز ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىن ئىت بىلەن تەڭلىشەلىگۇدەك بىرىنىڭ چىقمىقى تەس. شۇڭا، ئىت ئېيىق بىلەن ئېلىشىۋاتقان چاغدا، ھېلىقى رەزىل ئادەم مىلتىقىنى ئېلىپ غىپپىدە تىكىپ، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

ۋاپادارلىق، ساداقەتلىك توغرىسىدا ئېغىزدا ۋەدە بەرمەك ئوڭاي، دوستلار ئارىسىدا كىمنىڭ زادى قانداقلىقىنى پەقەت باشقا كۈن چۈشكەن چاغدىلا بىلگىلى بولىدۇ. ۋەھالەنكى، سادىق دوستلار ناھايىتىمۇ ئاز، ساداقەتسىز دوستلار بولسا ھەممە يەردە تېپىلىدۇ.

سىز ۋاپادار ئىتنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈننى ئاڭلىدىڭىز، بۇنداق ئەھۋاللار كۆپ: بىرى بېشىغا مۈشكۈلچىلىك چۈشكەندە دوستىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدۇ، ئەگەر دوستىنىڭ بېشىغا ئېغىرچىلىق كېلىپ قالسىچۇ، ئۇ بۇنىڭغا پەرۋا قىلىپمۇ قويمايدۇ، بەلكى تېخى ئەڭ سېسىق گەپلەر بىلەن شۇ شەپقەتچىسىنى تىللايدۇ.









# ئۆمۈچۈك بىلەن يەللىك بوغۇم ئاغرىقى

ئۆمۈچۈك بىلەن يەللىك بوغۇم ئاغرىقى دوزاختا ئاپىرىدە بولغانىكەن. بۇ گەپنى ئالدى بىلەن لا. فونتېن ھايات چېغىدا ئېيتقان. مەن ئۇ گەپنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى، نېمىشقا، نېمە سەۋەبتىن شۇنداق ئېيتىلغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ، تالاشىپ ئولتۇرمايمەن. چۈنكى مەسەل نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، مەن لا. فونتېنغا يۈزدە يۈز ئىشىنىمەن. شۇڭا، ئۆمۈچۈك بىلەن يەللىك بوغۇم ئاغرىقىنى دوزاخنىڭ تۇغقانلىقى راست، بۇنىڭدىن قىلچە گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ.

خوش، شۇنداق قىلىپ ئۆمۈچۈك بىلەن يەللىك بوغۇم ئاغرىقى چوڭ بوپتۇ، ئەمدى ئۇلارغا ئوبدان بىر ئورۇن تېپىپ بېرىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلۇپتۇ (ھەممىمىزگە ئايان، چوڭ بولۇپ قالغان بالىنى ئۆيدە تۇتۇپ تۇرۇۋېرىشكە بولمايدۇ، ئاقىل ئاتا ئۇنىڭغا ئىش تېپىپ بېرىشى كېرەك). ئۇلارنى بۇ دۇنياغا بىرگە زۇلۇم سېلىشقا ئەۋەتىدىغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئانىسى مۇنداق دەپتۇ:

— سۆيۈملۈك بالىلىرىم، مەن سىلەرگە دۇئايىمنى بەردىم، ئەمدى ئۇ دۇنياغا بېرىڭلار! سىلەرگە كەڭرى زېمىن ئاتا قىلدىم! سىلەردىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم ناھايىتى چوڭ، سىلەر چوقۇم داداڭلار ئۈچۈن شان - شەرەپ كەلتۈرسەڭلار بولىدۇ، ئىنسانلارنىڭ سىلەرگە ئۆچ ئىكەنلىكىمۇ سەمىڭلاردا بولسۇن. مۇشۇ يەردىن زېمىنغا نەزەر سېلىڭلار، ئاندىن قەيەردە تۇرماقچى بولغانلىقىڭلارنى ئېيتىڭلار. ماۋۇسى سەلتەنەتلىك





# كرىلوف مەسەللىرى

قەسىر، ناھايىتى كاتتا ھەم چىرايلىق؛ ئاۋۇسى دېھقانلارنىڭ كەپىسى. قەسىرلەر بار جاي ھەم ئازادە، ھەم كەڭ ـ كۆشادە، ئېسىللىكىگە قىل سىغمايدۇ؛ ئەمدى كەپىلەر بار جايغا كەلسەك، ئۇ يەر ھەم تار، ھەم قىستاڭچىلىق، جاپا ـ مۇشەققەتمۇ، كەمبەغەلچىلىكمۇ ھەممىسى شۇ يەردە.

— مەن ھەرگىز كەپىدە تۇرمايمەن، — دەپتۇ ئۆمۆچۈك.

— مەن بولسام، — دەپتۇ يەللىك بوغۇم ئاغرىقى، — ھەرگىز ئوردا ـ قەسىرلەرگە بېرىپ بېشىمغا پىت سېلىۋېلىشنى خالىمايمەن. بولدى، ئۇ يەرلەر ئاكامنىڭ قول ئاستىدا بولسۇن. مەن يېزىدىكى ئۆيلەرگە باراي، ئۇ يەردە دورىگەرلەرمۇ يوق ! بولمىسا، كۆن بويى دوختۇر، دورا دېگەنلەرنىڭ دەستىدىن جېنىمنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالىمەن.

— قوشۇلىمەن !

شۇنداق قىلىپ، ئۆمۆچۈك بىلەن يەللىك بوغۇم ئاغرىقى بۇ جاھانغا ئاتلىنىپتۇ.

ئۆمۆچۈك ياسىداق ئۆيلەرنىڭ ئىچىدىن ئۆزى تۇرىدىغان يەرنى ئۆلچەپ چىقىپ، نەقىش ئىشلەنگەن ئىشكاپلارنىڭ ئۈستىگە ياكى بولمىسا ئالتۇن ھەل بېرىلگەن ئاسقۇلارغا قويۇق تور توقۇپ، مىڭلاپ چىۋىن تۇتماقچى بوپتۇ. بىراق، ئەتىگەندىلا (ئۇنىڭ ئىشى ئەمدىلا باشلانغاندا) خىزمەتكارلار كىرىپ سۈپۈرگە، چوتكىلار بىلەن ئۇ توقۇغان تورلارنى ئېلىپ تاشلاپتۇ. ئۆمۆچۈك خېلى تاقەتلىك ئىكەن، ئۇ ئەمدى ئوچاقنىڭ تۆۋىگە تور باغلاپتۇ، لېكىن سۈپۈرگە ئۇنىمۇ يوق قىپتۇ. بىچارە ئۆمۆچۈك نەگە بېرىشنى بىلمەي قاپتۇ. ئۇ نەگىلا تور باغلىسا، پەي قاققۇچلار كېلىپ ئۇرۇپ، سۈپۈرگىلەر ئۈچۈرۈپ، ئۇنىڭ سالغان تورلىرىنى يوقىتىپتۇ، بەزىدە ھەتتا



ئۆزىمۇ يىقىلىپ چۈشۈپ كاللىسىنى يېرىۋېلىشقا تاس قاپتۇ.
ئاخىر ئۆمۈچۈك بۇ يەردە تۇرۇشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، شە-
ھەرنى تاشلاپ چىقىپ كېتىپتۇ.

— سىڭلىمنىڭ قېشىغا بېرىپ كۆرۈپ باقاي، — دەپتۇ
ئۇ، — سىڭلىم بەلكىم ئۇ يەردە پادىشاھتەك كۈن كۆرۈۋات-
قاندۇ.

ئۆمۈچۈك يەللىك بوغۇم ئاغرىقى تۇرۇۋاتقان يېزىغا كەپ-
تۇ. ئۇنىڭ كۆرۈۋاتقان كۈنى، ھەي - ھەي... — بۇ يەردىكى
جاپا - مۇشەققەت دۇنيادىكى ھېچقانداق ئۆمۈچۈك چىدىيالماي-
دىغان دەرىجىدە ئىكەن — يەللىك بوغۇم ئاغرىقى ئەمدىلا يې-
پىشسا، ئۇ يېپىشقان كىشى چۆپ ئورۇشقا ماڭىدىكەن! خەق-
لەر ئۇنى سۆرەپ ئوتۇن كەسكىلىمۇ بارىدىكەن. سۇ توشۇغى-
لىمۇ بارىدىكەن. ھەممەيلەنگە مەلۇم، يوقسۇللارنىڭ مۇنداق
بىر ھېكمەتلىك سۆزى بولىدىغان: يەللىك بوغۇم ئاغرىقىنى
قانچىلىك قىينىساڭ، ئۇ مەلئۇن سېنى شۇنچىلىك تېز تاشلاپ
قاچىدۇ.

— بولمايدىكەن بۇ يەر، ئاكا، — دەپ ھال ئېيتىپتۇ
يەللىك بوغۇم ئاغرىقى، — سەھرا تۇرمۇشىغا زادى چىدىيالما-
دىم!

ئۆمۈچۈك يەللىك بوغۇم ئاغرىقىغا كايىماي، دەرھال ئۇ-
نىڭ بىلەن ئورنىنى ئالماشتۇرۇپتۇ، دېھقاننىڭ دەرۋازىسىدىن
كىرىپلا ئۇ يەردە ئۆزىگە ماكان قۇرۇپتۇ. بۇ يەردە سۈپۈرگە،
چوتكىنىڭ ئەندىشىسى بولمىغاچقا، تورلىرىنى تورۇسقىمۇ،
تاملارغىمۇ، ئۆينىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىمۇ توقۇۋېرىپتۇ.
يەللىك بوغۇم ئاغرىقى يېزا بىلەن خوشلىشىپ شەھەرگە كى-
رىپتۇ - دە، ھەيۋەتلىك قەسىرنىڭ ئىچىدىن بىر بوۋاينى تې-





# كرىلوف مەسەللىرى

پىپتۇ ۋە ئۇنىڭ پاچىقىغا چىڭ چاپلىشىپ جەننەتتىكىدەك هايات كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. بوۋاي بولسا شۇ كۈندىن ئېتىبارەن تولغىنىپ ئازابلىنىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ، بۇ يېقىن ئاكا - سىڭىللار پەقەت يۈز كۆرۈشەلمەپتۇ، ئىككىلىسىلا كۈنلىرىدىن بەك رازى ئىكەن. ئۆمۈچۈك قالايمىقان كەپىنىڭ ئىچىدە ھۇزۇر - ھالاۋەت كۆرۈپتۇ. يەللىك بوغۇم ئاغرىقى پۇلدار، مەرتىۋىلىك بەگ - غوجاملارنىڭ پۇتىغا چاپلىشىۋاپتۇ. بۇنىڭدىن ھەر ئىككىلىسىنىڭلا ئەقلىنى تاپقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.





# شىر بىلەن تۈلكە

تۈلكە شىرنى بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغانىكەن، ئۇلار تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان چاغدا تۈلكە: «ئەمدى كۈنۈم تۈگىدى» دەپ ئويلاپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇلار يەنە ئۇچرىشىپ قاپتۇ. بۇ قېتىم شىر تۈلكىگە ئانچە قورقۇنچلۇق بىلىنمەپتۇ، تۈلكە ھەتتا ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراشقىمۇ جۈرئەت قىپتۇ. ئۇلار ئۈچىنچى قېتىم ئۇچراشقان چاغدا، تۈلكە شىرنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭغا چۈشۈپتۇ.

※ ※

بەزىلەر بىرىنچى قېتىمدا بىزنى قورقۇتۇۋالىدۇ، لېكىن ئىككىنچى قېتىمدا بىز ئۇلارنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ئۇقۇۋالغان چېغىمىزدا، ئۇلار بىزنى قورقۇتالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.







# يۈگمەچ

دەرەخزارلىقنىڭ قېشىدىكى يۈگمەچ قۇرۇپ كەتكەن دەرەخكە يامىشىپ چىقىش كويىدا ئىكەن. شۇڭا، ئۇ قاقشال دەرەخكە نېرىراقتا تۇرغان بىر تۇپ كاۋچۇك كۆچىتىنى كۆرسىتىپ:

— قارىغىنا! — دەپتۇ، — نېمىدېگەن كۆرۈمسىز، سەت، خۇددى قارانچۇقتەكلا. نېمىگىمۇ كېرەك قىلار ئۇنى! ئۇنى ھەرگىز ساڭا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، سەن دېگەن كاتتا بىر زات. گەرچە ئۇنىڭ ئاززاق يوپۇرمىقى بولغىنى بىلەن، يوپۇرماقلىرى بەكمۇ چۈكىنەم، رەڭگىمۇ يۇندىدەك! ئۇنى نېمە ئۈچۈن ئۆستۈرىدىكىن، ھېچ چۈشەنمىدىم!

ئارىدىن بىر يىل ئۆتمەي، كىشىلەر قاقشال دەرەخنى ئوتۇن قىلىش ئۈچۈن پارچىلىۋېتىپتۇ، كاۋچۇك كۆچىتىنى بولسا دەرەخلىكنىڭ ئىچىگە يۆتكەپتۇ. كاۋچۇك كۆچىتى پەرۋىش تېپىپ، غولى يوغىناپ، يىلتىزى چوڭقۇرلاپ، شاخلىرى كۆپىيىپ، بوك - باراقسان بولۇپ يېتىلىپتۇ. ئەمدى قاراڭكى، ھېلىقى يۈگمەچ بۇ كاۋچۇك دەرىخىگە ياماشقىلى تۇرۇپتۇ، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ياراتمىغان كۆچەت ئەمدى ئۇنى ماختاپ ھارمايدىغان مەخلۇققا ئايلىنىپتۇ.

※ ※

خۇشامەتچىنىڭ ئىش - ئەمەلى، مىجەز - خۇلقى مۇ-





شۇنداق بولىدۇ. ئۇ ساڭا قىلىنغان بىرەر بۆھتاننى ئاڭلاپ قالغۇدەك بولسا، ھەممە يەرگە يايىدۇ؛ گەرچە قىلغان ياخشى ئىشلىرىڭ شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، ياخشى گېپىڭنى قىلمايدۇ. ۋەھالەنكى، بېشىڭغا دۆلەت قۇشى قونغان ھامان سېنى بىرىنچى بولۇپ قۇتلۇقلايدىغىنى شۇ!







# ئەتىۋار پىل

پىل ئەتىۋارلىنىپ ئوردىدا مۇھىم بىر ئىشقا قويۇلغاندىكەن. بۇ خەۋەر بىر سائەتكە بارمايلا ئورمان ئىچىدە تارقىلىپتۇ. كۆپچىلىك بۇ ئىش توغرىسىدىمۇ ئادەتتىكىدەك ھەرخىل پەرەز قىپتۇ. ھەممىسىلا پىل يا قىلچە چىرايلىق، يا ئازراقمۇ ئەقىللىق بولمىسا، ئۇنىڭ ئۇستىگە يۇرۇش - تۇرۇشلىرى، ئۆزىنى تۇتۇشلىرى شۇ قەدەر بولمىغۇر تۇرسا، نېمىشقا ئەتىۋارلىنىپ قالغاندۇ، دەپ ھەيران قېلىشىپتۇ.

— ئەگەر، — دەپتۇ تۇلكە قۇيرۇقنى شىپاڭشىتىپ قويۇپ، — ئۇنىڭ يۇڭلۇق قۇيرۇقى بولسىمۇ كاشكى، شۇڭا ئوردىدا شۇنچىلىك يۈز تېپىپ كەتتى دېسەڭ، ئۇ چاغدا ئازچىمۇ ھەيران قالمايتتىم.

— ئۇنداق بولمىغاندىمۇ، — دەپتۇ ئېيىقمۇ سۆز ئارىلاپ، — ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ مەندەك تاپىنى بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ. سۆيۈملۈك سىڭىللىرىم، شۇنداق بولغاندىلا ئۇ ئالقىشقا سازاۋەر بولۇشقا ھەقلىق دېگىلى بولاتتى. ھالبۇكى ئۇنىڭدا تاپان دېگۈچىلىك بىر نېمىنىڭ يوقلۇقى ھەممىمىزگە ئايانغۇ.

— بەلكىم ئۇنى شۇنىڭغا سازاۋەر قىلغان چىشى بولۇشى مۇمكىن، — دەپتۇ كەمتەر كالىمۇ مۆرەپ تۇرۇپ، — ئېھتىمال، خەقلەر ئۇنىڭ چىشىنى كالا مۈڭگۈزى چاغلاپ قالغان چېغى !

— ئۇنىڭ قانداقلارچە كىشىلەرگە ياراپ چوڭ ئەمەل



تۇتۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سىلەرگە ھېچكىم ئېيتمىدى-مۇ؟ — دەپتۇ ئېشەك سالپاڭ قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، — مەن ئاڭلاپلا بىلدىم، ئەگەر ئۇنىڭ چىرايلىق، يوغان قۇلاقلىرى بولمىغان بولسا، ئۇنىڭغا ئۇنداق ئامەت نەدە!

※ ※

بەلكىم بىز ئانچە دىققەت قىلمىغان بولۇشىمىز مۇمكىن، بىز ئادەتتە ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن خەقنى ماختاۋاتىمىز دەيمىز، ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىزنى ماختايمىز.







# بۇلۇت

ناھايىتى چوڭ بىر پارچە قارا بۇلۇت ئىسسىقنىڭ دەستىدە چاك - چاك بولۇپ كاللا - مېڭىسى ئايلىنىپ كەتكەن زېمىنىنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپتۇ ۋە قاغجىراپ تۇرغان ئېگىنزارلارغا قاراپمۇ قويماي، ھەممە يامغۇرىنى دولقۇنلاۋاتقان دېڭىزغا تۆكۈپتۇ، ئاندىن ئېگىز چوققىغا ئۆزىنىڭ سېخىيلىقى بىلەن ماختىنىپتۇ.

— مېنىڭ قارىشىمچە، — دەپتۇ چوققا ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن، — سېنىڭ بۇ سېخىيلىقىڭنىڭ قىلچىمۇ پايدىسى يوق. مەن سېنىڭ ئىشىڭغا قاتتىق غەزەپلىنىمەن. ئەگەر شۇ ئابىزەمزەملەرنى ئېگىنزارلارغا تۆككەن بولساڭ، ئۇنىڭ يولى باشقىچە بولاتتى ! سېنىڭ ئۇ سېخىيلىقىڭ ئاچارچىلىق ئىچىدە قالغان بىر جاينى بالايىئاپەتتىن قۇتۇلدۇراتتى. دوستۇم، سېنىڭ ياردىمىڭسىزمۇ دېڭىزدا سۇ دېگەن مولچىلىققۇ!





# تۆھمەتچى بىلەن زەھەرلىك يىلان

جىن - ئالۋاستىلارنى ئادالەتنى ياقلىمايدۇ دېيىشنىڭ ئۆزى بىمەنىلىك، ئۇلار ھەمىشە ئۆزلىرىنىڭ ئادىللىق بىلەن ئىش قىلىشقا ئامراق ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. ئىشەنمىسەڭلار، مەن يېقىندا يۈز بەرگەن بىرئىش بىلەن بۇنى ئىسپاتلاي.

پۈتكۈل دوزاخ ئەھلى غەلىبىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىدا دەبدەبە بىلەن نامايىشتىن ئۆتمەك بوپتۇ. شۇ چاغدا تۆھمەتچى بىلەن زەھەرلىك يىلان كىمنىڭ ئالدىدا مېڭىشى كېرەكلىكى-نى تالىشىپ، بىر - بىرىگە زادىلا تەن بەرمەي، دەرغەزەپكە كېلىپ جېدەللىشىپتۇ.

قانداقلار نام - ئابرۇي جەھەتتە ئالدىدا تۇرىدىكەن دې-مەمسىلەر؟ جىن - شەيتانلار ئالىمىدە ئابرۇيلۇقلار ئىنسانىيەت دۇنياسىدا رەزىللىكنى جىق قىلغانلار ھېسابلىنىدىكەن. شۇڭا، ئۇزۇنغا سوزۇلغان كەسكىن تالاش - تارتىش جەريانىدا تۆھ-مەتچى دۈشمىنىنى قايىل قىلىش ئۈچۈن زەھەرلىك تىلىنى چىقىرىپتۇ. يىلانمۇ ئۇنىڭغا بوزەك بولماي، ئۆزىنىڭكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن زەھەرلىك چىشىنى چىقىرىپتۇ.

دەرھەقىقەت، بۇ چاغدا تۆھمەتچىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى جەزملىشىپ قالغانىكەن، لېكىن ئالۋاستىلار پادىشاھى بۇ ئەھۋالغا چىدىماي، ئۆزى شەخسەن ماجىراغا ئارىلىشىپ، تۆھ-مەتچىگە ئالاھىدە شاپائەت كۆرسىتىپتۇ، زەھەرلىك يىلاننى ئۇنىڭ كەينىدە تۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ.





— گەرچە سىنىڭ قەدىر - قىممىتىڭنى تولۇق ئېتىراپ قىلساممۇ، — دەپتۇ ئالۋاستىلار پادىشاھى، — لېكىن ئۇنى سەندىن ئابرۇيلۇق ھېسابلايمەن. سېنىڭ زەھەرلىك چىشلىرىڭ جانغا زامىن بولالايدۇ. كىمىكى ساڭا يېقىن كەلسە، سەن ئۇنى ئۆلتۈرەلەيسەن، ساڭا يامانلىق ئويلىمىسىمۇ، ئۇنىڭغا نەشتىرىڭنى سىلىقۋېرىسەن. لېكىن، دەپ باققىنا، ساڭا يىراق تورغانلارنىڭ ئىچىدە سەن نەشتەر سالالىغان، خۇددى تۆھمەتچىنىڭ زەھەرلىك تىلىدەك ئەدىپىنى بېرەلىگەن كىم بار؟ خەقلەر تاغلاردىن ئېشىپ، دېڭىز - ئوكيانلاردىن ھالقىپ يىراق جايلارغا بېرىۋالسىمۇ تۆھمەتچىنىڭ تىلىنىڭ زەربىسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. سەن ماقۇل دە، ساڭا قارىغاندا تۆھمەتچى تېخىمۇ زور رەزىللىكلەرنى قىلالايدۇ. شۇڭا، سەن ئۇنىڭ كەينىدە تۇرۇشۇڭ ھەم بۇنىڭدىن كېيىن كۆپرەك كەمتەر بولۇشۇڭ كېرەك !

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن، زەھەرلىك يىلان دوزاختا تۆھمەتچىنىڭ كەينىدە تۇرىدىغان بوپتۇ.





# تەقدىر ئىلاھى بىلەن قەلەندەر

قەلەندەر ياماق چۈشكەن خۇرجۇنىنى يەلكىسىگە سېلىپ هارغىن قەدەملىرى بىلەن بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە ئۇ يەرگە قاراپ بىر ياقتىن، ئۆزىنىڭ يوقسۇزلۇقىغا كۆلگۈسى كەل- سە، يەنە بىر ياقتىن، ئەجەبلىنىپتۇ: «توۋا، بۇلار شۇنچە ياسداق ئۆي - ئىمارەتلەرنى سېلىپ، مەمۇرچىلىق، باياشاتچىلىق، راهەت - پاراغەت ئىچىدە ياشايدىكەن، چۆنتىكىدىمۇ پۇلى شۇنچە جىق ئىكەن، شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە قانائەت قىلمايدىكىنا.

«دەرهەقىقەت» دەپتۇ ئۇ كۆڭلىدە «بۇمۇ بولۇپ تۇرىدىغان ئىشلار. ئۇلار شۇنچە ئەيش - ئىشرەت ئىچىدە ياشاۋاتسىمۇ يەنىلا باي بولۇشنىڭ كويىدا. لېكىن، ئاقىۋەتتىچۇ، ئۇلار ها- مىنى بايلىقنىڭ ئۆزىگە دوست بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ ! ئېيتايلۇق، بۇ ئۆي - جايغا ئۇزۇن يىللار ئىگىدارچىلىق قىلغان كىشى هە دېسە ئىشى ئوڭغا تارتىپ، ئوقىتى كۈندىن - كۈنگە روناق تېپىۋاتقان ئادەم ئىدى، لېكىن ئۇ كۆرۈۋاتقان كۈنگە شۈكۈر قىلمىدى، خۇدا بەرگەن ئۆمرىنى غەم - قاي- غۇسىز ئۆتكۈزۈشنى خالىمىدى، ئەتىيازدا پۈتۈن ئىشنى يى- غىشتۇرۇپ، هەممە ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى دېڭىز سودىسىغا دەسمايە قىلدى. ئۇ تاغدەك بايلىققا ئېرىشىمەن دەپ نىيەت قىلغانىدى، لېكىن ئاقىۋەتتىچۇ، كېمە دېڭىز ئاستىغا چۆكتى، ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنىڭ هەممىسىنى ئېچىرقىغان دولقۇنلار يۇتۇۋالدى. بۈگۈنكى كۈندە كېمە دېڭىزنىڭ قەهرىدە ئورۇن تۇتۇپ ياتىدۇ، ئۇنىڭ باي بولۇش خىيالى پۈتۈنلەي يوققا چىق-





قان، لېكىن ئۇ ھېلىغىچە گاڭگىراپ ئاۋارە».

«يەنە مۇنداقمۇ بىر كىشى ئۆتكەن. ئۇ مىليونلاپ تىللاغا ئېرىشمەنغۇ دېگەن نىيەتتە بىرمۇنچە مال زاكاز قىلغان. ئۇ-نىڭ مەقسىتى دەسمايىسىنى بىر قاتلىنۇپلىش ئىكەن. ئۇ (ئۆز پايدىسىدىن باشقا ھېچنېمىنى كۆزلىمەيدىغان) شۇ قەدەر تە-ۋەككۇلچى ئىكەن، لېكىن ئۇزۇنغا بارمايلا دەۋاغا قاپتۇ. قىس-قىسى، مۇنداق كۇنگە قالغانلار كۇرمىڭ. بۇنداق لەنىتىلەرگە خوپ بوپتۇ دېمەي نېمە دېگۈلۈك ! »

قەلەندەر خىيالىنى تۆگىتىپ ئەمدى ماڭاي دەپ تۇرۇپتى-كەن، كۇتۇلمىگەندە ئۇنىڭ ئالدىدا تەقدىر ئىلاھى پەيدا بولۇپ قاپتۇ ـ دە، مۇلايىملىق بىلەن ئۇنىڭغا:

ـــ دوستۇم، ـــ دەپتۇ، ـــ مېنىڭ ساڭا بۇرۇندىنلا يار-دەم قىلىش ئويۇم بار، نۇرغۇن تىللا يىغىپ قويدۇم. خۇرجۇ-نۇڭنى ئاچ، ئۇنى تىللاغا توشقۇزۇپ بېرەي. بىراق، بۇ ئىلتى-پاتنىڭ مۇنداق بىر تەرىپىمۇ بار: ھەر بىر تىللا خۇرجۇنۇڭغا كىرگەندە ئۆزىنىڭ ساپ ئالتۇنلۇقى بىلەن تۇرىدۇ، لېكىن خۇرجۇنۇڭغا سىغماي يەرگە چۈشۈپ كەتسىلا، ئەرزىمەس نەر-سىگە ئايلىنىدۇ. مەن ساڭا بۇنى ئالدىنئالا ئاگاھلاندۇرۇپ قويدۇم، ئېسىڭدە بولسۇن. مەن چوقۇم دېگەن شەرتىمدە تۇرد-مەن، خۇرجۇنۇڭ بەكمۇ كونىكەن، جىق ئالما ! قانچىلىك كۆ-تۈرەلىسە شۇنچىلىكلا ئال !

قەلەندەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشال بولغانلىقىدىن ئاغزىنى كامارەك ئېچىپ قاپتۇ، چۈنكى بۇنداق ئىش دۇنيادا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ ـ دە. ئۇ خۇرجۇننى يوغان ئېچىپتىكەن، ۋالىلداپ تۆرغان تىللالار ئىچىگە شاراقلاپ چۈشكىلى تۇرۇپ-تۇ. خۇرجۇن خېلى خوپ ئېغىرلاپتۇ.





— بولدىمۇ؟

— ۋاي، ياق ! تېخى بولمىدى !

— خۇرجۇنۇڭ يىرتىلىپ كېتەي دەپ قالدى !

— سەن ھازىر كارامەت باي بولۇپ كەتتىڭ !

— قېنى، قېنى، يەنە بىرئاز، يەنە بىر سىقىم تاشلىۋې-تىڭ، ماۋۇ يەردە ئازراق بوش جاي بار !

— ئەمدى بولدى ! خۇرجۇنۇڭ يىرىلىپ كېتىدۇ ! قارا، كۆرمەيۋاتامسەن؟

— يەنە ئازراق بېرىڭ !

مانا ئازراق ! خۇرجۇن ۋاققىدە يىرىلىپتۇ، ئىچىدىكى تىللالار يەرگە بىراقلا چۈشۈپ، ھەش - پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىب بوپتۇ. تەقدىر ئىلاھىمۇ كېتىپ قاپتۇ، ئەمدى قەلەن-دەرنىڭ يىرتىق خۇرجۇندىن بۆلەك ھېچنېمىسى قالماپتۇ، بۇرۇن ئۇ قانداق قەلەندەر بولغان بولسا، شۇ قەلەندەرلىكى بىلەن قاپتۇ.







# پاقا بىلەن خۇدا

ئەتىياز كۈنلىرى ئىكەن، سازلىقتىكى پاقا يېقىن يەردىكى بىر تۆپىلىككە كۆچمەكچى بولۇپ، ئاخىر دۆڭنىڭ بىر يېرىق جايىدىن ئۆزى ئارامخۇدا ھېس قىلىدىغان بىر كىچىك جەز- نەتنى تېپىپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ يەردىكى راھىتى ئۇزۇنغا بارماپتۇ. ياز كەپتۇ، تومۇز ئىسسىق باشلىنىشى بىلەن پاقى- نىڭ بۇ ماكانى شۇنداق قاغجىراپ كېتىپتۇكى، ھەتتا چىۋىن- نىڭ پۇتى ھۆل بولغۇدەك نەملىكمۇ قالماپتۇ.

— ئۇلۇغ ئىلاھلار ! — دەپتۇ پالاكەت باسقان پاقا يال- ۋۇرۇپ، — ماڭا نىجاتلىق ئاتا قىلىڭلار ! مېنى بۇ شەپقەت- سىز تەقدىرنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرۇڭلار ! مۇشۇ تۆپىلىككە كەلكۈن كەلتۈرسەڭلەر مېنىڭ ئىچىدىغان سۇيۇمۇ ھەل بولاتتى ! — ئۇ خۇداغىمۇ توختىماي ناله قىپتۇ، — سەن مېنىڭ ھالىمغا يەتمىدىڭ ! ماڭا شاپائەت قىلىپ دەرھال يام- غۇر ياغدۇرغىن !

— مۇنداق ئەخمىقانە نالىلىرىڭنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق، — دەپتۇ خۇدا (بۇ خۇدانىڭ كەيپى چاغ ۋاقتى ئىكەن)، — بۇ يەردە ئويناپ - سەكرەپ يۈرسەم دەيدىغان ئويۇڭنى بىلى- مەن. بىراق، سېنىڭ مۇشۇ بىر پارچە يېرىڭنى دەپ جاھاننىڭ يېرىمىنى سۇغا باستۇرۇۋېتىشىم كېرەكمۇ؟ سەن نېمىشقا كۆچمەيسەن؟ سازلىق ئەنە تۆۋەندىلىغۇ !

※ ※



تالاي ئادەملەر بار، ئۇلار شۇ قەدەر رەزىل، شەخسىي مەنپەئەتكە كەلگەندە ئۇلار داۋاسى يوق ساراڭنىڭ ئۆزى؛ ئەگەر ئۇلارنىڭ رايىغا قويۇپ بېرىدىغان ئىش بولسا، پۈتۈن دۇنيا شۇ ھامان تۈگىشىدۇ.







# بىناكار تۆلكە

مەن بىر شىرنى تونۇيمەن، ئۇ توخۇ بېقىشقا ناھايىتى ئامراق. چاتاق دېگەن چىقىپ تۇرىدۇ، بۇنىڭغىمۇ ھەيران قال- غۇلۇق ئەمەس: ئىشىك - تۇڭلۇك ئوچۇق بولغاندىكىن، ھەر- خىل سۇيىقەست، ھىيلە - نەيرەڭلەر پۇرسەت تېپىپ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ - دە! توخۇلار ئوغرىلىنىدىغان، ھەتتا بەزىلىرى ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا بۇنداق ئىشلارغا بىر ئامال قىلىپ، غەم - قايغۇ، زىيان - زەخمەتتىن بىر يولى قۇتۇلۇش كېرەك.

شىر مۇشۇ مەقسەتتە تاقاق - ئىلگەكلىرى مۇستەھكەم، ھەتتا ئوغرىلارمۇ يېقىن يولىيالمايدىغان، توخۇلارغا راھەت بېغىشلايدىغان، كەڭرى، ئازادە، ھەممە نېمىسى تەل، كاتتا، چىرايلىق بىر كاتەك ياستىتىش كويىغا كىرىپتۇ.

شىر تۆلكىنى ناھايىتى ئۇستا بىناكار، بۇنداق ئىشلارغا ناھايىتى قابىل دەپ ئاڭلىغاچقا، دەرھال ئۇنى كاتەك ياساپ بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ.

تۆلكە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىشقا كىرىشىپتۇ. ئۆزىنىڭ ھەممە قىزغىنلىقىنى، بارچە ھۈنىرىنى قىلچە ئېلىپ قالماي نامايان قىپتۇ. كاتەك پۈتۈپتۇ. شىر قارىغۇدەك بولسا ھەممە نەرسە جاي - جايىدا، نېمە دېسە شۇ بار، ھەممە ئىش نەزەر- گە ئېلىنغان: شۇ قەدەر نەپىس قونداقلار، ھاۋا ئىسسىپ ياكى سوۋۇپ كەتكەن چاغلاردا پاناھلىنىدىغان يەر، مېكىياننىڭ تۇ- خۇم بېسىشى ئۈچۈن راھەتلىك بۇلۇڭ دېگەنلەرنىڭ ھەممە-



سىلا جايىدا.

شۇنىڭ بىلەن، تۈلكە شۇ كۈنىلا ماختاش ۋە شان - شەرەپكە كۆمۈلگەن هالدا ناهايىتى نۇرغۇن ئىنئامغا ئېرىشىپتۇ. شىر توخۇلارنى دەرهال يېڭى كاتەككە كۆچۈپ كىرىشكە بۇيرۇپتۇ.

بۇگۈنكى كۈندە، توخۇلار ئۇ يەردە ناهايىتى بىخەتەر ياشاۋاتقاندۇ دەيدىغانسىز بەلكىم؟ ياق، كاتەك ناهايىتى مەزمۇت، ئەتراپىتىكى قاشالار ئېگىز، تاقاقلار چىڭ تۇرغىنى بىلەن توخۇلار كۈندىن - كۈنگە ئازىيىشقا باشلاپتۇ. كۆپچىلىك چاتاقنىڭ زادى نەدىلىكىنى ئۇقالماي گاڭگىراپ قاپتۇ. شىر ئاخىر بۇ يەرگە قاراۋۇل قويۇپتۇ، ئوغرى تۇتۇلۇپتۇ. بۇ ئوغرىنى كىم دېمەمسىز؟ ئوغرى دەل ئاشۇ رەزىل تۈلكە بولۇپ چىقىپتۇ.

كاتەكنىڭ هەممە يېرى هېچكىم كىرەلمىگۈدەك دەرىجىدە ناهايىتى مۇستەهكەم ياسالغان بولسىمۇ، لېكىن تۈلكە ئۇ يەرگە پەقەت ئۆزىلا تاپالايدىغان بىر يۇرۇش ئىشىك ياساپ قويغانىكەن.







# تۆھمەت

بىر نەچچىمىز بىرەر سەتچىلىك خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويساق، سەۋەنلىكنى بىر - بىرىمىزگە ئىتتىرىپ: «ئەگەر سەن دېمىگەن بولساڭ، ھەرگىز مۇنداق قىلمىغان بولاتتىم ! » دەپ كېتىمىز. ئەگەر خاتالىقنى ئۆزىمىز يالغۇز ئۆتكۈزسەكچۇ، ئۇ چاغدا گۇناھنى شەيتانغا دۆڭگەپ قويىمىز، گەرچە ئۇ ئىشتىن شەيتان قىلچە خەۋەرسىز بولسىمۇ. بۇنداق مىساللار كۆپ، مەن تۆۋەندە ئۇنىڭ بىرىنىلا دەپ بېرەي:

يىراق شەرقنىڭ مەلۇم بىر جايىدا بىر براھمان ئۆتكەندىكەن. ئۇ ئاغزىدىن خۇدانى چۈشۈرمىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە خۇدانىڭ يولىنى تۇتمايدىكەن. براھمانلارنىڭ ھەممىسىلا ھالال بولۇپ كېتىشى ناتايىنغۇ. بولدى، بۇنى مۇلاھىزە قىلماي تۇرايلى. ئىشقىلىپ ئۇنىڭ ئەھۋالى شۇنداق ئىكەن، مۇخلىسلارنىڭ ئىچىدە پەقەت شۇلا دىيانەتسىز ئىكەن، ئۇ براھماننىڭ بېشىنى ھەممىدىن يامان ئاغرىتىدىغىنى ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى بولۇپ، ئۇ ناھايىتى تەقۋادار، مۇخلىسلارنى چىڭ تۇتىدىغان ئادەم ئىكەن. مۇخلىسلار ئۇنىڭ ئالدىدا سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويۇشتىن قورقۇپ، ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرىدىكەن.

بىزنىڭ ھېلىقى براھمانىمىز يەنىلا ئۆز پەيلىدىن يانماي، پەرھىز تۇتۇش كۈنلىرىدە ئوغرىلىقچە ئانچە - مۇنچە بىر نېمە يەپ تۇرۇش كويىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ بىر تۇخۇم تاپقانىكەن، يېرىم كېچە بولغاندا، يىنىدا ئادەم يوق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ





# كرىلوف مەسەللىرى

شامنى يېقىپتۇ، تۇخۇمنى شامنىڭ ئوتىغا تۇتۇپ، ئۆرۈپ - چۆرۈپ پىشۇرۇپتۇ - دە، ئاندىن ئاغزىغا موكلا سېلىپ يەۋېتىپتۇ. ئۇ ھەتتا ئاقساقال بۇ ئىشنى كۆرگەن بولسا، دەرغەزەپ بولۇپ كېتەتتىم، دەپ ئويلاپ ئۆزىچە كۈلۈپتۇ، — لېكىن، — دەپتۇ ئۇ يەنە ئىچىدە، — مەن ئۇنىڭغا قۇيرۇقۇمنى تۇتقۇزۇپ قويمىدىم. ئۇ بومبا ساقال بۇرادەر مېنىڭ ئالدىمدا كولدۇرلاپ يۈرۈۋېرىدۇ. نېمىدېگەن ئوبدان تۇخۇم! ھىدىنى چىقارماي يەۋالدىم - دە، تازا!

ئۇ خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ شۇنداق قارىسا، يېنىدا ئاقساقال تۇرغۇدەك. ئۇ پاكىت بىلەنلا قولغا چۈشكەن، شۇڭا تېنىۋالىمەن دېمۇ تېنىۋالغىلى بولمايدۇ - دە. ئاقساقال ئۇنىڭ خۇدا ئالدىدا چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىنى كۆرگەچكە، ناھايىتى سۈرلۈك ھالدا ئۇنىڭ توۋا قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

— شەپقەتلىك ئاقساقال، — دەپتۇ بىزنىڭ براھمانىمىز ناھايىتى قايغۇلۇق ھالدا، — مېنى ئەپۇ قىلغايلا! مەن قانداقلارچە بۇنداق ئىشنى قىلىپ قويدۇم، بۇنىڭغا ئۆزۈممۇ ھەيران، چوقۇم مېنى شەيتان ئازدۇردى!

لېكىن، دەل شۇ چاغدا ئوچاقنىڭ ئىچىدىن بىر كىچىك شەيتان چىقىپ ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن مۇنداق دەپتۇ:

— نېمىدېگەن نومۇسسىزلىق! سىلەر دائىم بىزنىلا ئەيىبلەيسىلەر. مەن بولسام سەندىن يېڭى بىر ھۈنەرنى كۆرۈپ ئۆلتۇرغان. شامنىڭ ئوتىدا قانداق قىلىپ تۇخۇم پىشۇرۇپ يېيىشنى مەن تېخى بۈگۈن بىلدىم.



# تەقدىر كۆلۈپ قارىغان چاغدا

تەقدىرنىڭ بىقارار ئۆزگىرىشچانلىقى بىزنى جىق ھەس-
رەتكە سالىدۇ. باي بولالمىساقمۇ، ئەمىلىمىز ئۆسمىسىمۇ،
تەقدىردىن زارلىنىمىز، بىراق ئۇبدان ئويلىنىپ باقىدىغان
بولساق، سەۋەنلىك يەنىلا ئۆزىمىزدە.

قارىغۇ ئامەت دۇنيانى سەيلە قىلغاندا، ھەمىشە ئاقسۆ-
ڭەك، پادىشاھلار بىلەنلا بىللە يۈرمەيدۇ، ئۇنىڭ بەزىدە كۆ-
رۈمسىز كەپىلەرگە كىرىپ، ئاز كۈن تۇرۇپ كېتىدىغان
ۋاقىتلىرىمۇ بولىدۇ، بۇنداق پۇرسەتنى ھەرگىز قولدىن بېرىپ
قويماسلىق كېرەك! ئەگەر ئامەت بىر مىنۇت بولسىمۇ ساڭا
يار بولىدىكەن، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلسەڭ، ئۇنىڭ ھۇزۇر-
ھالاۋىتىنى ئۇزۇن زامانغىچە كۆرىسەن. تەقدىر ئىلاھى ساڭا
شاپائەت قانتىنى يايغان چاغدا، سەن ئۇنىڭدىن يەنىلا ھېچ-
نېمىگە ئېرىشەلمىسەڭ، ئۇ ھالدا گۇناھ ئۇنىڭدا ئەمەس، بەل-
كى سەندە بولىدۇ. شۇنىمۇ بىلىشىڭ كېرەككى، بەلكىم ئۆمە-
رۈڭدە ئۇنىڭ ساڭا يار بولۇشى شۇ بىر قېتىم بىلەنلا تۈگە-
شىمۇ مۇمكىن.

※ ※

شەھەرنىڭ سىرتىدا تولىمۇ كۆرۈمسىز، قالايمىقان، كونا
بىر ئۆي بار ئىكەن. ئۇ ئۆيدە ئاكا - ئۇكا ئۈچەيلەن ياشايدى-
كەن، ئۇلار بەكمۇ قىستىلىپ ياشىسىمۇ، لېكىن ئىناق ئۆتت-



دىكەن. ئۇلارنىڭ جېدەل - تالاش قىلغانلىقىنى ھېچكىممۇ ئاڭلاپ باقمىغانىكەن. ئۇلار ھەر قانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ باقسىمۇ پەقەت روناق تاپالمايدىكەن، كۈنلىرى موھتاجلىق ۋە جاپا - مۇشەققەت ئىچىدىلا ئۆتىدىكەن. ئۇلارنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ تەقدىر ئىلاھىنىڭ سەۋەنلىكى ئىكەن.

بىر كۈنى، تەقدىر ئىلاھى ھېچكىمگە سەزدۈرمەيلا بۇ ئۆيگە قەدەم تەشرىپ قىپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ ناھايىتى بىچارىلەرچە كۈن كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىپ، ئۇلارغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بېرىش نىيىتىگە كەپتۇ. ئۇنىڭ ئاكا - ئۇكا ئۈچەيلەنگە ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلۈش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى شۇنىڭدىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇلار مەيلى نېمىلا ئىش قىلسىمۇ، ئۇ ياز بويى ئۇلارنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەسلىككە ئەھدە قىپتۇ.

ئەمدى ئۇلارنىڭ ئىشلىرى بۇرۇنقىغا تۈپتىن ئوخشىمايدىغان دەرىجىدە روناق تاپقىلى تۇرۇپتۇ. بۇرۇن بالىلارنىڭ چوڭىنىڭ ئىش - ئوقىتى زادىلا يۈرۈشمىگەنىكەن، ئەمدىلىكتە مەيلى مال ئالسۇن، مەيلى ساتسۇن، پايدىلا ئالىدىغان بوپتۇ، ئاخىر كىرىمى كۆپىيىپ، بايلىقى ئېشىپتۇ. ھەر قانداق چوڭ سودىغىمۇ تەۋەككۈل دەپ بېلىنى باغلاپ، ئاخىر كاتتا بايغا ئايلىنىپتۇ. ئەمدى ئوتتۇرانچى ئوغۇلغا كەلسەك، ئۇ ھۆكۈمەت ئىدارىسىدە ئىشلەيدىكەن، بۇرۇن دۆتلۈكىدىن شۇ ئاددىي خىزمەتچىلىكىنىمۇ ئاران - ئارانلا ئادا قىلىپ ئۆتۈۋاتقانىكەن، ئەمدى ئىشلىرى پۈتۈنلەي ئوڭغا تارتىپ، ھەر بىر قەدىمىدىن بەرىكەت ياغقىلى تۇرۇپتۇ. بىرەر قېتىم زىيا-



پەت بېرىش، بىرەر قېتىم يوقلاپ قويۇش باھانىسى بىلەن ئەمىلى ھەدەپ ئۆرلەۋېرىپتۇ، ئاخىر ئۇ ئۆيمۇ، قورۇقمۇ، داچىمۇ سېتىۋاپتۇ. ئەمدى كەنجى ئوغۇل قانداق قىپتۇ؟ ئەجەبا ئۇنىڭ ئەھۋالى ياخشىلانمىغانمىدۇ، تەقدىر ئىلاھى ئۇنىڭغا شاپائەت قولىنى سۇنمىغانمىدۇ؟ دېيىشىڭلار مۇمكىن. ياق، تەقدىر ئىلاھى ئۇنىڭغا جىق كۈچ چىقارغان، ئۇنى دەپ ھەتتا ئارام ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇغان. بىراق، كەنجى ئوغۇل ياز بويى چىۋىن تۇتۇپ چىقىپتۇ. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ھۈنىرى مۇشۇمۇ، ئەمەسمۇ، بىلمەيمەن، لېكىن ھازىر قولىنى شۇنداق شىلتىدىسىلا غەلىبە قىلماي قالمايدىغان بوپتۇ. ئۇ چىۋىنگە قولىنى بىرلا كۆتۈرىدىكەن، تەقدىر ئىلاھى ئۇنىڭ قېشىغا ئۈنىدىكەن، چىۋىنمۇ موكلا تۇتۇلۇپ بېرىدىكەن.

كېيىن، ۋاقتى - سائىتى توشۇپ تەقدىر ئىلاھى — بۇ مېھمان ئۇ جاينى تاشلاپ، ئۆزىنىڭ جاھانكەشتىلىكىنى يەنە باشلاپتۇ. ئىككى ئاكا تاپقان پايدىلىرىنى ھېسابلىشىپتۇ، تۇنجىسى قالتىس باي بولۇپ كەتكەن، ئوتتۇرانچىسىمۇ ئەمىلى ئۆسۈپ خېلى بايلىق توپلىۋالغان، كەنجىسى بولسا يەنىلا ئاھۇ - نادامەتتە ئىكەن. ئۇلاردىن پەقەت شۇ بىرىلا، شۇ بەختسىزلا يەنە بۇرۇنقىدەك كەمبەغەللىكتە قالغانىكەن.

※ ※

سۆيۈملۈك كىتابخانلار، كەنجى ئوغۇلنىڭ پىكرىنى ئۆزۈڭلار مۇلاھىزە قىلىپ بېقىڭلار، زادى كىمنى ئەيىبلەش كېرەك؟





# بۆرە بىلەن پادىچى

بىر بۆرە قوي بار يەرگە يېقىنلاپ كېلىپ قاشادىن قارد-
غۇدەك بولسا، پادىچى ئەڭ سېمىز، ياخشى بىر قوينى تاللاپ
بىمالال سويۇۋاتقان، تايغان بولسا بىر چەتتە ئارام ئېلىپ يات-
قانىكەن.

بۆرە غەزەپ بىلەن كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئىچىدە تىللاپتۇ:

ھەي بۇرادەرلەر، ئەگەر قوينى تاراچلاۋاتقان سىلەر بول-
ماي، مەن بولغان بولسام، ھەي - ھەي، ئۇ چاغدا سىلەر «ۋاي
ئاللا !» دەپ غوۋغا چىقارغان بولار ئىدىڭلار !







# كاككۇك بىلەن پاختەك

كاككۇك ھەمىشە شاختا قونۇۋېلىپ نالە - ھەسرەت قىلىدىكەن. بىر كۈنى كۆڭلى يۇمشاق پاختەك ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي دوستۇم، توختىماي يىغلايسەن، نېمانداق يۈرىكىمنى ئېزىدىغانسەن! باھارمۇ تۈگىدى، مۇھەببەت پەسلىمۇ كەتتى، قۇياشمۇ كۆپ تۆۋەنلىدى، كۈزنىڭ قىراۋ مەزگىلىمۇ يېقىنلاشتى، سېنى ھەسرەتلەندۈرۈۋاتقان نەرسىلەر مۇشۇمىدۇ؟

— مەن ئۆزۈمنى قانداقمۇ خۇشال تۇتاي، — دەپتۇ كاككۇك جاۋاب بېرىپ، — ساڭا دەردىمنى ئېيتىپ بېرەي. بۇ يىل كۈزدە مەن ئىشقى مۇھەببەت يولىغا قەدەم قويۇپ، سۆيگۈ شارابىدىن پەرزەنت يۈزى كۆردۈم، ھالبۇكى بالىلىرىم ماڭا قىلچە كۆيۈنمەيدۇ. مېنىڭ ئۇلاردىن كۈتكەن ئۈمىدىم مۇشۇمىدى؟ ئۆردەك چۈجىلىرىمۇ ئانىسىنىڭ ئەتراپىدىلا يۈرىدىكەن، مېكىيانمۇ بىرلا قىچقارسا چۈجىلىرى ئەتراپىغا ئولىشىدىكەن. مەن ئۇلارغا بەك ھەۋەس قىلىمەن، بۇ كۆڭلۈم ساڭا چۈشىنىشلىك بولسا كېرەك. مېنىڭ ئەھۋالىمنى كۆرسەڭ، مانا، يەككە - يېگانە تۇرۇۋېتىمەن، ھېچكىممۇ ماڭا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، ئانىسىغا بالىلارنىڭ بېرىدىغان مېھرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئەسلا بىلمەيمەن، شۇڭا كۆڭلۈمنى بۇزماي نېمە چارە.

— ۋاي بىچارە قۇش، ئەھۋالىڭ ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق ئىكەن، ساڭا بەكلا ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ. ئەگەر بالىلىرىم ما-





ڭىمۇ شۇنداق قىلغان بولسا، ئەلەم يۇتۇپ ئۆلگەن بولاتتىم. بىراق، بالىلىرىم ماڭا ناھايىتى ياخشى قارايدۇ. بەلكىم بالىلىرىڭنى ئۇچۇرۇم قىلىپ قويغىنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ساڭا شۇنداق قىلغاندۇ. راست، ئۇۋا سېلىشقا قاچان ۋاقىت ئاجرىتىسەن؟ راست گەپنى قىلسام، سېنىڭ ئۇۋا سالغانلىقىڭنى زادىلا كۆرمىدىمغۇ؟ قاچانلا قارىسام ئۇيان - بۇيان ئۇچۇپلا يۈرىسەن !

— كۈن بويى ئۆزۈڭنىڭ تۇخۇمىنى بېسىپ ئولتۇرۇشتىن زېرىكەرلىك ئىش يوققۇ، مەن تۇخۇمىمنى باشقىلارنىڭ ئۇۋىسىغا تۇغۇپ قويۇپ كېتىۋېرىمەن.

— شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە سەن بالىلىرىڭدىن مېھىر ۋە تەسەللى كۈتەمسەن تېخى ! پاختەك كاككۇكقا دەيدىغان گېپىنى مۇشۇ بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا تۈگىتىپتۇ.

※ ※

ئاتا - ئانا بولغۇچى كىشىلەر سىلەرمۇ بۇ مەسەلىدىن ئىبرەت ئېلىشىڭلار كېرەك. مېنىڭ بۇ ھېكايىنى ئېيتىشتىكى مەقسىتىم بالىلارنى ئاقلاش ئەمەس. ئاتا - ئانىغا مېھرىبان بولماسلىق ، ئاتا - ئانىنى ھۆرمەتلىمەسلىك ھەقىقەتەن گۇناھ. بىراق، بالىلارنى ئۆسۈۋاتقان چېغىدا ئاتا - ئانىلارنىڭ مۇھەببىتىدىن بەھرىمەن قىلماي، ئۇلارنى ئىچ - باغرىدىن كۆيۈنمەيدىغان يات كىشىلەرنىڭ بېقىشىغا تاشلاپ قويغاندا، قېرىغان چاغدا ئۇلارنىڭ ھالاۋىتىنى كۆرەلمەيدىغان ئىش بولىدۇ. بۇ چاغدا ئاتا - ئانا بولغۇچى گۇناھنى ئەلۋەتتە ئۆزىگە قويۇشى كېرەك.



# تارغاق

ئانىسى چىرايلىق ۋە ئوماق ئوغلىنىڭ چىچىنى تاراش ئۈچۈن بازاردىن يېڭى تارغاق سېتىۋاپتۇ. بالا بۇ چىرايلىق تارغاقنى ئويۇنچۇققا ئوخشاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ھەرگىز ئويۇنچۇق قاتارىدا ئوينىماپتۇ، ئويۇن ئويناۋاتقان ياكى باغچا ئوقۇشلۇقلىرىنى كۆرۈۋاتقان چېغىدىمۇ، ئۇ تارغاق بىلەن ئالتۇندەك سېرىق چاچلىرىنى تاراپتۇ. ئۇنىڭ چاچلىرى پاقلان يۇڭىدەك پارقىراق، يۇمشاق ۋە چىرايلىق ئىكەن. ئۇ چاچلىرىنى تاراپ ـ تاراپ ھارمايدىكەن. تارغىقى قانداق ئىكەن دېسەڭلار، ئۇ يا چاچلىرىنى يۇلمايدىكەن، يا قاتتىق سانجىلمايدىكەن، چاچقا سالسا شۇنداق سىلىق بىلىنىدىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ تارغىقىنى دۇنيادا ئەڭ ياخشى، ئەڭ قىممەتلىك تارغاق دەپ قارايدىكەن.

بىر كۈنى، ئۇ بالا ئويناپ يۈرۈپ قىزنىقچىلىقتا تارغىقىنى يىتتۈرۈپ قويۇپتۇ. تەربىيىچىسى ئۇنىڭ پاخماقلىشىپ كەتكەن چاچلىرىنى تۈزەپ قويماقچى بوپتۇ، بۇ چاغدا ئۇ بالا جان ـ جەھلى بىلەن:

— تارغىقىم قېنى؟ تارغىقىم نەگە كەتتى؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئاخىر ئۇ تارغاقمۇ تېپىلىپتۇ، لېكىن ئۇنى چاچقا سالغاندا ھە دېسە چاچنى ئىلىۋېلىپ، بالىنىڭ جېنىنى قاقشىتىپتۇ.

— ھەي ئەسكى تارغاق، ئەجەبمۇ تويدۇمغۇ سەندىن، —



## كرىلوف مەسەللىرى

دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ بۇ بەڭۋاش بالا.

— سەن خاتا گەپ قىلىۋاتىسەن، — دەپتۇ تارغاق، — دوستۇم، مەن يەنە بۇرۇنقىدەكلا، مېنى ئەيىبلىمەي، مۇشۇ پاخماقلىشىپ كەتكەن چېچىڭنى ئەيىبلىسەڭ بولىدۇ.

لېكىن، بۇ ئاچچىقى يامان بالا تارغاقنى توختىماي تىللاپ دەرياغا چۆرۈۋېتىپتۇ، ئەمدى ئۇ تارغاق سۇ مۇئەككەللىرىنىڭ خىزمىتىدە بوپتۇ.

※ ※

مېنىڭ هاياتىمدا كۆرگەنلىرىمگە قارىغاندا، بىزمۇ ھەقىقەتكە ئاشۇنداق مۇئامىلە قىلىمىز. ۋىجدانىمىز تازا چاغدا ھەقىقەتكە مۇراجىئەت قىلىمىز، ھۆرمەت قىلىمىز، ئىشىنىمىز، ھەقىقەت بويىچە ئىش كۆرىمىز. ۋىجدانىمىز بۇلغانغان چاغدىچۇ، ئۇ چاغدا كۆڭلىمىز ئاشۇ بالىنىڭ پاخماق بېشىدەكلا چىگىشلىشىپ كېتىدۇ، جان قاقشايدىغان ئىشتىن ئانچە خالىي بولغىلى بولمايدۇ، ئۇ چاغدا تارغاقنى تاشلىۋەتكەندەك ئىش قىلىساق، ھەقىقەتمۇ ئۆزلۈكىدىن ئالدىمىزغا كەلمەيدۇ.







# ئاچ كۆز ئادەم بىلەن مېكىيان

ئاچ كۆز ئادەملەر ھەممە نېمىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىشنىڭ كويىدا يۈرىدۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ھەممە نېمىدىن قۇرۇق قالىدۇ. بۇنداق مىسالنى بىر نەچچە سائەت كاللا قاتۇرۇپمۇ تاپماق تەس. لېكىن، تاپقىلىمۇ بولىدۇ، ئىشقىلىپ ئويلىساق ئاخىر كاللىمىزنىڭ بىر يېرىدىن چىقىدۇ، بىراق شۇنىڭغا ئېرىنىدىغان گەپ، شۇڭا مەن كۆپچىلىككە تونۇشلۇق ھېكايىنى يەنە بىر سۆزلەپ بېرەي.

※ ※

كىچىك ۋاقتىمدا بىرەيلەن ماڭا بىر ئاچ كۆز كىشى توغرىسىدا ھېكايە قىلىپ بەرگەن. مۇنداق بىر كىشى بار ئىكەن (ئۇنىڭ ئىسمى نېمە ئىكەنلىكىنى مەنمۇ بىلمەيمەن)، قولىدا ھېچقانداق ھۈنىرىمۇ يوق ئىكەن، تىجارەتنىڭ يولىنىمۇ بىلمەيدىكەن، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ساندۇقىدا پۇل دېگەن ئېشىپ - تېشىپ تۇرىدىكەن.

ئۇنىڭ بىر مېكىيىنى بار ئىكەن (ئۇ مېكىيان ئىگىسىنىڭ ئامراق نەرسىسىنى ئوبدان بىلىدىكەن)، ئۇ بۇ مېكىيىنىدىن ناھايىتى مىننەتدار ئىكەن، چۈنكى ئۇنىڭ تۇغىدىغىنى ئادەتتىكى تۇخۇم بولماستىن، بەلكى ئالتۇن تۇخۇم ئىكەن.

ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ ئورنىدا بىز بولساق، ھەمىيانىمىزنىڭ كۈندىن - كۈنگە پومپىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپلا قانائەت ھاسىل قىلغان بولاتتۇق. لېكىن، ئۇ ئاچ كۆز كىشى ئۇنىڭغا قانائەت





## كرىلوف مەسەللىرى

قىلمايدىكەن. بىر كۈنى ئۇ غەلىتە بىر خىيال قىلىپ، ئەگەر بۇ مېكىياننى ئۆلتۈرسەم، ئىچىدىكى ئالتۇن تۇخۇملارنىڭ ھەممىسىنى بىر يولىلا ئېلىۋالىمەنغۇ دېگەن نىيەتكە كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مېكىياننىڭ ياخشى كۆڭۈل بىلەن قىلغان تۆھپىسىنىمۇ ئۇنتۇپ، گۇناھ دەپتەرىگە ئۆزىنىڭ تۇزكورلۇق جىنايىتىنىڭ يېزىلىدىغانلىقى بىلەنمۇ ھېسابلاشماي، مېكىياننى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۇ مېكىياننىڭ قارنىنى يېرىپ قارىغۇدەك بولسا، مانا كۆرۈڭ، ئىچىدىن ئۇچەي - بېغىردىن باشقا ھېچنېمە چىقماپتۇ.





# ئىككى ياغاچ تۇڭ

ھارۋىدا ئىككى ياغاچ تۇڭ بار ئىكەن ، بىرىگە ھاراق قاچىلانغان، يەنە بىرى قۇرۇق ئىكەن. ھاراق قاچىلانغان تۇڭ يول بويى ھېچبىر ئاۋاز چىقارماپتۇ؛ قۇرۇق تۇڭ بولسا يول بويى قۇلاقنى پۈتتۈرگۈدەك تاراقلاپتۇ. يولدا ئاسمان - پەلەك توپا پۇرقىرىتىپ ئالدىراش كېلىۋاتقان ئاتلىق يولۇچىلار يىراقتىن تاراقلىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ چۆچۈگەن ھالدا بىر چەتكە چىقىپ تۇرىدىكەن. قۇرۇق تۇڭنىڭ ھەيۋىسى شۇ قەدەر زور بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يەنە بىر تۇڭچىلىك قىممىتى يوق ئىكەن.

※ ※

ئۆزىنىڭ قىلغىنىنى كىشىلەرگە ۋالاقشىپ ئۇقتۇرۇپ كېتىدىغان ئادەمنىڭ ئەمەلىيەتتە قىلچە قىممىتى بولمايدۇ. قولىدىن ئەمەلىي ئىش كېلىدىغان ئادەملەر چوڭ سۆزلىمەيدۇ. جاھاننى لەرزىگە سالىدىغان ئىشلار ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ، زور ئىشلارنى پۈتتۈرۈۋاتقان چاغدا ئۇلار زادىلا ئۈندىمەيدۇ.





# ئالكېستىس

ئالكېستىس① ئالكمېنېنىڭ باتۇرلۇق ۋە جەسۇرلۇقتا جىق شۆھرەت قازانغان ئوغلى ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئىنتايىن تىك، بىر تەرىپى ھاڭغا ساڭگىلىغان خەتەرلىك چىغىر يولدا كېتىۋېتىپ، كىرپىگە ئوخشاش بىر نېمىنىڭ تۈگۈلۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە بۇ غەلىتە نەرسىگە قاراپ بۇ نېمىدۇ، دەپ ئويلىنىپ قاپتۇ.

ئالكېستىس ئۇنى دەسسەپ مىجىقىنى چىقىرىۋەتمەكچى بوپتۇ، لېكىن، دەسسەپ بولۇپ شۇنداق قارىسا، ئۇ نەرسە بۇرۇنقىدىن يوغىناۋاتقۇدەك. ئۇنىڭ بۇرۇنقىدىن بىر ھەسسە يوغىناپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالكېستىس غەزەپكە كەپتۇ ۋە بۇ غەلىتە نەرسىنى ئېغىر كالتەك بىلەن ئۇرغىلى تۇرۇپتۇ. لېكىن، ئۇرغانسېرى ئۇ نەرسە تېخىمۇ مۇدھىش تۇس ئېلىپ، يوغىناپ، بەھەيۋەت بىر مەخلۇققا ئايلىنىپتۇ، دەسلەپتە ئاپتاپنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك توسۇپتۇ، كېيىن ئالكېستىسنىڭ ماڭىدىغان بىردىنبىر يولىنى ئېتىۋاپتۇ. ئۇ كالتىكىنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي، بېشى پىررىدە قايغاندەك بولۇپ، گاڭگىرىغىنىچە تۇرۇپ قاپتۇ. لېكىن، قاراڭ، بۇ چاغدا ئافىنا② ئاكىسىنىڭ قېشىدا پەيدا بوپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

---

① ئالكېستىس يۇنان ئەپسانىلىرىدە ھېراكلېس (گراكىل) دەپمۇ ئاتىلىدۇ؛ تەڭرى زېۋس ئالكمېنېنىڭ ئېرى سۈرىتىگە كىرگەن چاغدا ئالكمېنېدىن تۇغۇلغان بالىمىش.

② ئافىنا — يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى پاراسەت ئىلاھى. ئۇ زېۋسنىڭ قىزى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئالكېستىس ئۇنىڭ ئاكىسى ھېسابلىنارمىش



— بۇ ئۇمىدسىز ئىشتىن قولۇڭنى تارت، — دەپتۇ، —
بۇ رەزىل نەرسىنى ھەرگىزمۇ بويسۇندۇرالمايسەن. بۇ غەلىتە
نەرسىنىڭ ئىسمى «نەپرەت» دېيىلىدۇ. سەن ئۇنىڭغا پەرۋا
قىلمىساڭ، ئۇنىڭ چوڭىيىۋاتقانلىقىنىمۇ كۆرەلمەيسەن، ئەگەر
ئۇنىڭ بىتچىتىنى چىقىرىۋېتىمەن دېسەڭ، ئۇ سەن ئۇرغان-
سېرى دەھشەتلىك يوغىنايدۇ، ھەتتا جاھاننى زۇلمەتكە ئايلان-
دۇرۇۋېتىدۇ.





# ئاپپىللىس[1] بىلەن تەخەي

ئەخمەقلەر ئۆزىنى ناھايىتى كاتتا چاغلايدۇ، ئۇنىڭ كۆرەڭلەيدىغان نەرسىلىرى دەل كىشىلەر زاڭلىق قىلىدىغان، نومۇس بىلىدىغان ئىشلار.

※ ※

ئاپپىللىس بىر كۈنى تەخەيگە ئۇچراپ، ئۇنى ئۆيىگە چايغا تەكلىپ قىپتىكەن، تەخەي خۇشاللىقىدىن تىترەپ كېتىپتۇ ۋە ئورماندا كۆرەڭلەپ مېڭىپ، ئۇچرىغانلا ئادەمگە پو ئاتقىلى تۇرۇپتۇ:

— ئاپپىللىس كۆزۈمگە كىرىۋېلىپ ئەجەب تويغۇزدى مېنى، سالجىدەك چاپلىشىۋالدى، ئۇچراپلا قالسام چاي ئىچىپ كەت دەپ ئۆيىگە سۆرەيدۇ. قارىغاندا مېنى مودېل قىلىپ بىر دۇلدۇل سىزغۇسى بار ئوخشايدۇ.

— ياق، ئۇنداق ئىش يوق! — دەپتۇ ئاپپىللىس (ئۇ چاغدا ئۇ دەل شۇ يەردە ئىكەن)، — مېنىڭ سىزماقچى بولغىنىم «پادىشاھ مىداسنىڭ[2] سوت قىلىشى». سەن ئۆزۈڭنىڭ قۇلىقىنىڭ چىرايلىقلىقى بىلەن بەك ماختىنىسەن ئەمەسمۇ،

---

① ئاپپىللىس — مىلادىيەدىن بۇرۇنقى IV ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر يۇنان رەسسامى.

② مىداس — يۇنان ئەپسانىلىرىدە ھېكايە قىلىنىدىغان بىر پادشاھ. ئۇنىڭ قولى تەگكەنلىكى نەرسە دەرھال ئالتۇنغا ئايلىنارمىش.



شۇڭا مەن سىنى تونۇيمەن. ئۆيگە كېلىپ چاي ئىچىپ كەتـسەڭ بەك خۇش بولىمەن. ئۇزۇن قۇلاق ئېشەك دېگەننى جىق نەرسە، لېكىن سىنىڭ قۇلىقىڭ گەپنى تەتۈر ئاڭلىۋېلىشقا كەلگەندە چوڭ ـ كىچىك ئېشەكلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئۈستۈن تۇرىدىكەن !



# ئوۋچى

بىر «ۋاي، تېخى ۋاقتى بار !» دېگەن گەپنى جىق قىلدىمىز. راست گەپنى قىلغاندا، مۇشۇنداق چاغلاردا ئەقلىمىزگە تايانماي ھۇرۇنلۇق قىلىپ قويىدىغانلىقىمىزنى تەن ئالساق بولىدۇ. شۇڭا، قىلىدىغان ئىشنى قىلىش، يەنە كېلىپ ۋاقتىدا، دەرھال قىلىش كېرەك. ئامەت ئۇچراپ قالغاندا پۇتۇنلەي تەييارلىقسىز تۇرۇپ قالغان بولساق، ئۇ چاغدا گۇناھنى تەقدىردىن كۆرمەي، ئۆزىمىزدىن كۆرۈشىمىز كېرەك. تۆۋەندىكى مەسەلدە مەن مۇشۇ ھەقىقەتنى شەرھلەپ ئۆتىمەن.

※ ※

بىر ئوۋچى خالتىسىنى، ئوق - دورىسىنى، مىلتىقىنى ئېلىپ يا ئۇچار قۇش، يا توشقان ئوۋلارمەن دېگەن ئۈمىدتە شىكارغا چىقىپتۇ. ئۇ ماڭغۇچە خەقلەر ئۇنىڭغا مىلتىقىڭغا ئوق سېلىۋال، دەپ نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا مىلتىقىغا ئوق سالماي مېڭىپتۇ.

— بىمەنە گەپنى قىلىدىغان خەقكەن، — دەپ غوتۇلداپتۇ ئۇ كېتىۋېتىپ، — مەن شىكارغا چىقىپ باقمىغان ئادەممۇ؟ بۇ دۇنيادا ئاسماندىكى قۇشقاچتىن بۆلەك ھېچنېمە يوق دەپ ئويلامدىغاندۇ بۇ خەق. مەن مەنزىلگە يېتىپ بارغۇچە بىر سائەت ۋاقت بار، مىلتىققا يۈز پاي ئوق قاچىلىساممۇ ۋاقت



دېگەن كۆپقۇ.

ئۇ تېخى بوز يەردىن ئۆتۈپ بولمىغانىكەن، تەقدىر ئىلاھى قەستەن ئۇنىڭ بىلەن قىرىشقاندەك بىر ئىش بوپتۇ. ئۇ كۆلدە ناھايىتى نۇرغۇن ياۋا ئۆردەكلەرنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئاپلا، ئەگەر ھازىر مىلتىقتا ئوق بولغان بولسا، بىزنىڭ بۇ سەھرالىق ئوۋچىمىز بىر ئېتىشتىلا ئالتە - يەتتە ئۆردەكنى يىقىتىۋالغان بولمايتتىمۇ، شۇنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭغا بىر ھەپتە ئوزۇق بولاتتى - دە ! ھەي…

ئۇ ھاپىلا - شاپىلا مىلتىقىغا ئوق سالغىلى تۇرۇپتۇ. ياۋا ئۆردەكلەر ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى كۆرۈپتۇ - دە، قىلچە ئىككىلەنمەيلا شاۋقۇن سېلىشىپ، پۇرىرىدە ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ ۋە ئوۋچى مىلتىقىنى بەتلەپ بولغۇچە ئورماننىڭ ئۈستىدىن سەپ تارتىپ ئۇچۇپ، بىردەمنىڭ ئىچىدە كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

ئوۋچى تار چىغىر يولدىن ئىتتىك ئۆتۈپ، ئورماننىڭ ئىچىنى ئاختۇرۇپ قېزىۋېتىپتۇ، لېكىن بۇ چۆلسىرەپ قالغان ئورماندا ئەقەللىي بىر قۇشقاچمۇ كۆرۈنمەپتۇ.

مانا پالاكەتچىلىك ! بالا كەلسە قوشلاپ كېلەر دېگەندەك، چاقماق چېقىپ، يامغۇر چېلەكلەپ قۇيۇۋېتىپتۇ. ئوۋچى يامغۇردا چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ، قۇرۇق خالتىسىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ، ھارغىن قەدەملىرىنى سۆرەپ ئۆيىگە قايتىپتۇ.

ۋەھالەنكى، ئۇ يەنە ئۆزىدىن ئاغرىنماي تەقدىردىن ئاغرىنىپتۇ.



# بالا بىلەن يىلان

بىر بالا بىپەرۋالىق قىلىپ يىلاننى يىلانبېلىق دەپ تۇتۇۋالغانىكەن، كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ خاتا تۇتۇپ سالغانلىقىنى كۆرۈپ، قورققىنىدىن چىرايى ئۇچىسىدىكى كۆڭلەكتەك ئاقىرىپ كېتىپتۇ.

يىلان شەپقەتسىزلىك يېغىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن بالىغا تىكىلىپ تۇرۇپ:

— ماۋۇ گېپىمنى ئوبدان ئاڭلاپ قوي، — دەپتۇ ئۇ، — ئەگەر سەن قاپاق كاللاڭنى ئىشلەتمەي، يەنە قاراملىق بىلەن مۇشۇنداق ئەسكىلىك قىلىدىكەنسەن، مەندىن ئەمدى ئوڭاي قۇتۇلىمەن دەپ ئويلىما. بۇ بىرىنچى قېتىمقىسى، تۇنجى گۇناھىنى خۇدا كەچۈرىدۇ؛ بۇنىڭدىن كېيىن هېزى بول، سەن كىم بىلەن ئوينىشىۋاتقانلىقىڭنى بىلسەڭ بولىدۇ.



# قولۋاقچى بىلەن دېڭىز

دولقۇنلار ئاسمان ـ پەلەك كۆتۈرۈلۈپ دېڭىز بويىغا دەۋرەپ كەلگەندە قولۋاقچى ئۇخلاۋاتقانىكەن. ئۇ خېلى ئۇزۇنغىچە قاتتىق ئۇخلاپ بىر چاغدا ئويغىنىپتۇ ۋە تۇرۇپلا دېڭىزنى تىللاپتۇ:

— سەن نېمىدېگەن ئەسكى ! ئىچىڭدە ئوغا قايناپ تۇرسىمۇ، سەزدۇرمەي يەنە جىمجىت ئاقىسەن. سەن بىزنى قىلتاقا چۈشۈرمەكچىسەن، ساڭا ئالدىنىپ ئىچىڭگە كىرىپ قالساق، ھاپلا قىلىپ تېگى يوق قارنىڭغا يۇتۇۋېتىسەن.

دېڭىز ئامپىترىتېنىڭ[1] سۈرىتىگە كىرىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ئالتۇن نۇر چاقناتقان ھالدا قولۋاقچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ دەپتۇ:

— ھەي ناتونۇش يىگىت، نېمىشقا مېنى ئاساسسىز تىللايسەن؟ سىلەر مېنىڭ ئۈستۈمدە قىلچە خەتەرسىز ئۈزەلەيسىلەرغۇ. مېنى داۋالغۇتۇپ، دولقۇنلىتىۋەتكەن بوران ئىلاھىنىڭ پەرزەنتلىرى، ئۇلار مېنى تىنچ ئاققىلى قويمايدۇ. ئەگەر ئىشەنمىسەڭ، ئۆزۈڭ قاراپ باق ! شامال بولمايدىغان بولسا، مېنىڭ ئۈستۈمدە قولۋۇقىڭنى بەھۇزۇر ئوينىتالايسەن. ئۇ چاغدا مەندىكى تىنچلىقنى قۇرۇقلۇقتىنمۇ تاپالمايسەن !

※ ※

① ئامپىترىتې — يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى دېڭىز ئىلاھىنىڭ خانىشىمىش.





# كرىلوف مەسەللىرى

بۇ گەپكە سىزنىڭ پىكرىڭىز قانداق دەپ سورارسىز بەل-كىم. بۇ گەپنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە مەن ئىقرار، بىراق ئازراق شامالمۇ بولمىسا، دېڭىزدا كېمە ھەيدىگىلى بولمىسا كېرەك.





# ئېشەك بىلەن باغۋەن

باغۋەننىڭ مېۋىلىرى ناھايىتى ئوخشاپتۇ، ئۇ قاغا، قۇشقاچلارنىڭ نومۇسسىز پاراكەندىچىلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئېشەكنى قورۇقچى قىپتۇ. بۇنداق سادىق، ئىشەنچلىك ئېشەكتىن دۇنيادا يەنە بىرى بولۇپ باقمىغان، ئۇ مېۋىلەرنى ئوغرىلىمايدۇ، قاقتى - سوقتى قىلمايدۇ، ئەقەللىيسى باغۋەننىڭ بىر تال يوپۇرمىقىغىمۇ چېقىلمايدۇ.

قۇشلار بىلەن كارى بولمىدىيەي، قۇشلارنى باغقا كىرگۈزۈۋەتتىيەي دەپ ھېچكىممۇ ئېشەكنىڭ ئۈستىدىن دادلاپ باقماپتۇ، لېكىن باغنىڭ ئەھۋالى خارابلىشىپتۇ. ئېشەك ھە دېسە باغنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرۈپ، مېۋىلىك دەرەخلەرگە ئۈرۈلۈپ - سوقۇلۇپ، كۆچەت - پۆچەت دېگەنلەرنى دەسسەپ كاردىن چىقىرىۋېتىپتۇ.

ئۆزىنىڭ جاپا تارتىپ قىلغان ئەجرىنى ئېشەكنىڭ چەيلەپ ۋەيران قىلىۋەتكەنلىكىنى كۆرگەن باغۋەن تارتقان زىيانىنىڭ ئورنىغا ئۇنى دەھشەتلىك ئۇرغىلى تۇرۇپتۇ.

— تاياق يېيىشكە تېگىشلىك، — دېدىڭ شۇ چاغدا سەن، — تاياق ئۇنىڭغا ھالال ! ئۇ ئېشەك ئۆزى قىلالمايدىغان ئىشنى قىلىمەن دەپ نېمە قىلىدۇ.

مەن ئېشەكنى ئاقلىماقچى ئەمەسمەن، بۇرادەر. ئېشەك جاجىسىنى يېدى، دېمىسىمۇ شۇ جازاغا تېگىشلىك؛ لېكىن شۇ باغقا قاراشقا ئېشەكنى بۇيرۇغان ئادەم ئۆزىنى ئەپۇ قىلىشقا تېگىشلىكمۇ؟





# بۆرە بىلەن تۇرنا

بۆرىنىڭ ئاچ كۆزلۈكى ھەممىمىزگە مەلۇم، ئۇ گۆش يېسە ئۇستىخىنىنىمۇ قالدۇرماي يەۋېتىدۇ. بىر كۈنى بىر بۆ- رىنىڭ گېلىغا ئۇستىخان تۇرۇپ قېلىپ نەپەس ئالالمىغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ. بىچارە بۆرە بۇ ئۇستىخاننى يا چىقىرىد- ۋېتەلمەيدىكەن، يا يۇتۇۋېتەلمەيدىكەن، شۇڭا ئۇنىڭغا ئۆلۈمنى كۈتمەكتىن باشقا ئامال قالمىغاندەك بىلىنىپتۇ.

دەل شۇ چاغدا، ئۇنىڭ بەختىگە بىر تۇرنا كېلىپ قاپتۇ. بۆرە چېكىۋاتقان ئازابىنى ئۇنىڭغا ھەرخىل ئىما - ئىشارەت- لەر بىلەن ئۇقتۇرۇپ، ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. تۇرنا تۇمشۇقىنى بوينىغىچە بۆرىنىڭ قانلىق ئاغزىغا تىقىپ، بىرنېمىلەر قىلىپ، ئاخىر ئۇستىخاننى ئېلىۋېتىپتۇ ھەم بۆرىدىن ھەق سوراپتۇ.

— ھوي، نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىسەن ! — دەپتۇ بۆرە، — سەن تېخى مەندىن ھەق ئالماقچىمۇ ! ئەقلىڭ بولسا ئوبدان ئويلان، ئاشۇ ئۇزۇن بوينۇڭ بىلەن قاپاق كاللاڭنىڭ ئاغزىم- دىن ساق - سالامەت يېنىپ چىققانلىقىنىڭ ئۆزىمۇ چوڭ ئىش ئەمەسمۇ ! يولۇڭغا ماڭ، ئەبلەخ، تېز كۆزۈمدىن يوقال ! بۇنىڭدىن كېيىن قولۇمغا يەنە چۈشۈپ قالغۇچى بولما !







# ھەسەل ھەرىسى بىلەن چىۋىن

ئىككى چىۋىن ماكانىنى تاشلاپ چەت ئەلگە كەتمەكچى بوپتۇ ۋە قوشنىسى ھەسەل ھەرىسىنىمۇ ئۆزلىرى بىللە كېتىشكە ئۈندەپتۇ. ئۇنىڭغا ئۆزلىرى بارماقچى بولغان ئاجايىپ - غارايىپ يىراق يۇرتنى شاتۇتىدىن ئاڭلىۋالغانلىرى بويىچە قالتىس تەسۋىرلەپ بېرىپتۇ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەردىن كۆڭلى رەنجىگەن تەرەپلەرنى سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— بىز نەدىلا بولساق، كىشىلەر دەرھال بىرلىشىپ بىزنى قوغلايدۇ، بىزگە بەك قاتتىق قوللۇق قىلىدۇ (ئادەملەر شۇ قەدەر نومۇسسىزكى، ئۇلارنى مەخلۇق دەۋېتىشكىمۇ بولىدۇ) ! بىزگە گۆشنانلارنى يېگىلى قويمايدۇ، نەدە ئېسىلرەك يېمەكلىك بولسا، ئۈستىنى تۈۋاق بىلەن مەھكەم يېپىپ قويىدۇ، بىزنى يېقىنمۇ كەلتۈرمەيدۇ ! ئۇلارنىڭ ئارام ئالغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنايلى دېسەك، رەزىل ئۆمۈچۈكنىڭ بالاسى !

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ ھەسەل ھەرىسى چىۋىنلەرگە جاۋاب بېرىپ، — سەپىرىڭلار قۇتلۇق بولسۇن. ماڭا ئۆزۈمنىڭ سەھراسى ياخشى ئوخشايدۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ ھەسلى بىلەن پۇقرادىن تارتىپ ئاقسۆڭەككىچە ھەممە ئادەمنىڭ ھەممە يەردە ھىمايىسىگە ئېرىشكۈدەكمەن. بۇ يەردە قاياققا ئۇچساممۇ ئۆزۈمنىڭ ئەركى، ھەممىلا يەردە ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن. نەگە بارساڭلارمۇ سىلەرنىڭ پايداڭلار يوق، شۇڭا ھۆرمەت ۋە ھىمايە تەمە قىلمىساڭلارمۇ بولىدۇ. ئۇ يەردىمۇ بۇ يەردىكىگە ئوخشاش، سىلەرنى پەقەت ئۆمۈچۈكلا قارشى ئالىدۇ.



※ ※

ۋەتىنى ئۈچۈن ئوبدان خىزمەت قىلىۋاتقان ئادەملەر ھەرگىزمۇ ئوڭايلىقچە ۋەتىنىدىن ئايرىلمايدۇ. خەلققە قىلچە پايدىسى بولمىغان بىكار تەلەپ ئادەملەرلا بەلكىم چەت ئەلدىن ناھايىتى زور خۇشاللىق تېپىشى مۇمكىن.



# چۈمۈلە باتۇر

بۇرۇن بىر چۈمۈلە بوپتىكەن، ئۇنىڭ كۈچى شۇنچىلىك زور ئىكەنكى، ئالەم بىنا بولغاندىن تارتىپ ئۇنداق باتۇر چۈمۈلە دۇنياغا كېلىپ باقمىغانىكەن. يىلنامىلەردىن ئېنىق مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ قىلچە كۈچىمەيلا بۇغداينىڭ ئىككى تال دېنىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ يۈرەلەيدىكەن. ئەمدى باتۇرلۇق تەرىپىگە كەلسەك، ئۇ بۇ جەھەتتىمۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئىكەن: چىۋىن لىچىنكىسىنى كۆرگەن زاماتلا ئامبۇردەك قىسىپ ئاغزىغا سالىدىكەن، ئۆمۈچۈك بىلەن يەككە - يېگانە مەيدانغا چۈشۈپ ئېلىشالايدىكەن. شۇڭا، ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەيلا چۈمۈلىلەر جەمەتى ئىچىدە داڭق چىقىرىپتۇ، چۈمۈلىلەر توختىماي بۇ باتۇرنىڭ تەرىپىنى قىلىشىدىغان بوپتۇ.

مېنىڭچە ئاقىل ئادەم زىيادە ماختاشنى يامان ئالىدۇ، بىراق بىزنىڭ بۇ چۈمۈلىمىز ئۇنداقلاردىن ئەمەس ئىكەن، ماختاشلارنى ئاڭلىسا گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدىكەن. ئۇ بۇ جەھەتتە شۇنداق ئەخمىقانە دەرىجىگە يېتىپ بېرىپتۇكى، ئۆزىنى ماختىغان ھەرقانداق گەپنى قۇلىقىغا قوغۇشۇندەك قۇيۇۋالىدىكەن، شۇنداق قىلىپ ئۇ ماختاش - مەدھىيىلەشلەردىن بېشى ئايلىنىپ، ئاخىر شەھەرگە بېرىپ كارامەت كۆرسىتىپ، ئۇ يەردىمۇ باتۇر دېگەن نامغا ئېرىشىش كويىغا كەپتۇ. بىر كۈنى ئۇ سامان ھارۋىسىغا چىقىۋېلىپ، ھارۋىكەشنىڭ قېشىدا خۇددى پادىشاھتەك ئولتۇرۇپ شەھەرگە مېڭىپتۇ.

ۋەھالەنكى، قىزغىن ئارزۇ - تىلەكلەر بىلەن كېتىۋاتقان



چۈمۈلە باتۇر ئۆزىنىڭ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىكەن. ئۇ شەھەرگە كىرىشىم بىلەنلا پۈتۈن خەلق ئەتراپىمغا گۇررىدە توپلىنىدۇ، دەپ خىيال قىلغانىكەن. ئەپسۇسكى ئەھۋال ئۇنداق بولماپتۇ. ئۇ قارىغۇدەك بولسا، شەھەردىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، ھەممىسى ئۆز ئىشىغا چېپىپ يۈرگۈدەك. چۈمۈلە باتۇر بىر يوپۇرماقنى ئۇيان - بۇيان سۆرەپتۇ، موللاق ئېتىپ بېقىپتۇ، چاققانلىق بىلەن سەكرەپمۇ بېقىپتۇ، لېكىن ئۇنىڭغا قارىغۇدەك، دىققەت قىلغۇدەك بىرمۇ ئادەم چىقماپتۇ. ئۇ پۈتۈن كارامىتىنى كۆرسىتىپ بولغاندىن كېيىن، ھارۋىنىڭ قېشىدا تۇرغان مۈشۈككە قاراپ ھەسرەتلەنگەن ھالدا:

— ئەگەر، — دەپتۇ، — شەھەردىكى مۇشۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى ساراڭ ياكى قارىغۇ دەپ ئويلىسام خاتا چۈشەنگەن بولمايمەنمۇ دەيمەن؟ شۇنچە نۇرغۇن گۇمپا كۆرسەتسەم، ماڭا قارىغۇدەك بىرىمۇ چىقمىدىغۇ؟ ئەگەر سەن بىز تەرەپكە بېرىپ قالساڭ، مېنىڭ پۈتۈن چۈمۈلە جەمەتى ئىچىدە قالتىس داڭلىق ئىكەنلىكىمنى بىلگەن بولاتتىڭ.

شۇ كۈنى ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن، چۈمۈلە باتۇرغا بىرئاز ئەقىل كىرىپتۇ.

※ ※

كالتە پەم دانالار ئۆزىنى قالتىس زور چاغلاپ، ھەممە يەردە ئۆزىنى شۆھرەتلىكتەك ھېس قىلىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شۆھرىتىنىڭ پەقەت چۈمۈلىلەر دائىرىسى بىلەنلا چەكلىنىدىغانلىقىنى پەقەت بۇرنىغا يېگەندىلا بىلىدۇ.



# چارۋىچى بىلەن دېڭىز

دېڭىز ئىلاھىغا ياندىشىپ تۇرغان زېمىندا بىر چارۋىچى قوي باقىدىكەن. ئۇنىڭ دېڭىز بويىغا سېلىنغان ئازادە كەپىسى بارئىكەن، قويلىرى ئەتراپتىكى بولۇق ئۆسكەن يايلاقتا يايلاي-دىكەن. ئۇ كۈنلىرىنى بەختلىك ئۆتكۈزىدىكەن، بايلىق، ھە-شەمەتچىلىكنىڭمۇ، يوقسۇزچىلىق، موھتاجلىقنىڭمۇ نىمە ئى-كەنلىكىنى بىلمەيدىكەن، ئۇنىڭكىدەك ئاددىي ھەم كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتىن خېلى - خېلى پادىشاھلارمۇ بەھرىمەن بولۇپ باقمىغانىكەن.

ۋەھالەنكى، بۇ چارۋىچى كېيىنلەردە توشۇلۇۋاتقان خىلمۇ خىل، يېڭى، ئېسىل نەرسىلەرنى، قىرغاقتا دۆۋىلىۋېتىلگەن تۈرلۈك - تۈرلۈك ماللارنى، ئامبارلاردىكى تاغار - تاغار ئاش-لىقلارنى، شۇنداقلا بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىگىلىرىنىڭ نەقەدەر ھۆرمەت تېپىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىمۇ مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىپ، تەلىيىنى سىناپ باقماقچى بوپتۇ. كەپىسىنى، قويلى-رىنى سېتىپ، پۇلىغا ھەر خىل ماللارنى ئېلىپ بىر كېمىنى تولدۇرۇپتۇ - دە، شۇنىڭ بىلەن دېڭىز سودىسىغا يۈرۈش قىپتۇ.

بىراق، تەۋەككۇلچىلىكنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ! دېڭىز مىجەزىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى ھەممىگە مەلۇم. لېكىن بۇنى چارۋىچى بىلمەيدىكەن. كېمە قىرغاقتىن ئۇزاپ تېخى يىراققا بارمايلا دېڭىزدا قاتتىق بوران كۆتۈرۈلۈپتۇ. كېمە كاردىن چىقىپ پۈتۈن ماللار سۇغا غەرق بوپتۇ. چارۋىچى ئۆزى جې-



نىنى سۆرەپ ئارانلا قىرغاققا چىقىۋاپتۇ.

دېڭىزنىڭ ئاچ كۆزلۈكى ئۇنىڭغا ئۆزىنى تونۇتۇپتۇ، ئۇ يەنە قايتىدىن چارۋىچىلىقنى قىپتۇ، بىراق بۇ قېتىم ئۇ ئۆزىنىڭكىنى ئەمەس، بەلكى قوشنىسىنىڭ قويلىرىنى باقىدىغان بوپتۇ. دېمەك، ئۇ ياللانما بولۇپ قالدى دېگەن گەپ! گەرچە زىيان قانچىلىك زور بولسىمۇ، ۋاقىت ۋە سەۋر ـ تاقەتلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ ئۇنىڭدىن بىر ئاز، بۇنىڭدىن بىر ئاز يىغىپ، تېجەشلىك بىلەن ئىش قىلىپ، ئاخىرى يەنە بىر قورۇ قويغا ئىگە بوپتۇ، يەنە بۇرۇنقىدەكلا چارۋىچى بولۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى، ئۇ قۇملۇق ساھىلدا دېڭىزغا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ (بۇ چاغدا قۇياش نۇر چېچىپ تۇرغان، قويلار ئەتراپتا ئوتلاۋاتقانىكەن). دېڭىز شۇ قەدەر تىنچ ئىكەنكى، نە ئۆركەش، نە دولقۇن كۆرۈنمەپتۇ، چوڭ ـ چوڭ كېمىلەر ئوڭۇشلۇق ھالدا پورتقا قاراپ كېلىشىۋېتىپتۇ.

— ھەي دوستۇم، — دەپتۇ چارۋىچى دېڭىزغا، — قارىغاندا تېخىمۇ جىق مال ـ دۇنيانى قارنىڭغا يۇتقۇڭ كېلىۋاتقان ئوخشايدۇ. لېكىن، ئەمدى مېنىڭكىنى يۇتىمەن دەپ خام خىيال ئەيلىمەي، باشقا ئادەمنىڭ، ئىرادىسى ئاجىز ئادەملەرنى تېپىۋال، مېنى سويغان پىيازدەك قىلىپ بولدۇڭ، ماڭا ئوخشاش ئەخمەقلەر بەلكىم يەنە تېپىلىپ قېلىشى مۇمكىن، لېكىن مەندىن يەنە بىرەر سىنت پايدا ئالىمەنمىكىن دەپ خىيال ئەيلىمە!

※ ※





# كرىلوف مەسەللىرى

مەن ئەسلىدە بۇ مەسەلنى ئۆزۈڭلار يېشىۋېلىڭلار دېمەكچىدىم، شۇنداقتىمۇ بەزى گەپلەرنى دەپ قويسام ئارتۇقچە بولماس.

مېنىڭچە، يوقىلاڭ ئۆمىدنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتمەي، يەنىلا ئۆزىنىڭ مال ـ دۇنياسىنى چىڭ تۇتقان تۈزۈك! بۇنىڭدا ئالدانمايدىغان، ئازمايدىغان ئادەم مىڭنىڭ ئىچىدىن بىرى چىقىدۇ، جىق ئادەملەر ئەمەلىيەتتە يوقىلاڭ تەمەنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىپ، ناسۇۋال قاپاقچا نان بارمۇ دەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئەمدى ئۆزۈمگە كەلسەم، خەقلەر ماڭا نېمە دېسىمۇ مەيلى، ئۆزۈمنىڭ پىكرىنى دېگىنىم دېگەن:

«مەيلى ئەتە قانچىلىك ئۆزگىرىش بولسا بولسۇن، مەن بۈگۈن ئۆز ئىلكىمدىكى نەرسىنى چىڭ تۇتىمەن».



# يىلان بىلەن دېھقان

يىلان دېھقاننىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— قوشنام، ئىككىمىز دوست بولايلى! ئۇزۇن زاماندىن بېرى بىز بەك يىراقلىشىپ كەتتۇق. مېنى زەخمەت يەتكۈزۈپ قويامدىكىن، دەپ قورقما. مانا قاراپ باق، مەن پۈتۈنلەي ئۆزگەردىم، ئەتىيازدىن بېرى يېڭىدىن چىرايلىق تېرە ئالماشتۇرۇۋالدىم!

دېھقان ئۇنىڭ ساختا مۇلايىملىق بىلەن قىلغان ئىلتىماسىغا قىلچە ئىشەنمەي ئۇنى بىرنى تېپىپتۇ ـ دە:

— راست، سەن يېڭى تېرە ئالماشتۇرۇپسەن، بىراق زەھەرخەندە يۈرىكىڭ يەنىلا شۇ پېتى تۇرمامدۇ! — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، دېھقان بۇ قوشنىسىنى يىراق ھەيدىۋېتىپتۇ.

※ ※

سەن بىرىگە ئەشەددىي دۈشمەن بولدۇڭمۇ، مەيلى ئۆزۈڭنى قانچىلىك پەردازلاپ كۆرسەتسەڭمۇ، ھامان دۈشمەنلىكىڭ چىقىپ تۇرىدۇ، تەقدىرىڭمۇ شۇ يىلاننىڭكىدىن قىلچە پەرقلەنمەيدۇ.







# تۆلكە بىلەن ئۈزۈم

ئاچ تۆلكە قاشادىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، تەكتىكى غۇجمەك - غۇجمەك بولۇپ پىشقان ئۈزۈملەرنى كۆرۈپتۇ - دە، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، تاڭلىيىنى چاكىلدىتىپ كېتىپتۇ. مەي باغلىغان ئۈزۈملەر ئاپتاپتا كەھرىۋادەك يالتىراپ تۇرغىنى بىلەن ناھايىتى يۇقىرىدا ئىكەن. تۆلكە قانداق قىلسىمۇ قولىنى يەتكۈزەلمەيدىكەن، كۆرۈپ تۇرسىمۇ ئاغزىغا سالالمايدىكەن.

تۆلكە بىرەر سائەتچە قۇرۇق ھەپىلىشىپ يېيەلمەي ئاخىر يولىغا مېڭىپتۇ ۋە غەزەپلەنگەن ھالدا:

— ۋايجىنەي، — دەپتۇ، — قارىماققا چىرايلىق كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە پىشمىغان ئاچچىق ئۈزۈمنى يەپ چىشىمنى قامىتىپ نېمە قىلاي؟











# قوي بىلەن تايغان

مالچى قويلىرىنى بۆرىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاش ئۈچۈن تايغانلىرىنى كۆپەيتىش نىيىتىگە كەپتۇ.

ئاخىرىدا قانداق بوپتۇ دېمەمسىز؟

ئاخىر ئۇ نۇرغۇن تايغان ئېلىپ كەپتۇ، بۆرە قويلارغا دەخلى - تەرۇز قىلالمايدىغان بوپتۇ، پادىلار بەخىرامان كۈنىنىڭ سېرىقىنى كۆرۈپتۇ.

لېكىن، بىزگە مەلۇم، تايغانمۇ قورساققا كەلگەندە ھېچنېمىنى نېرى تۇر دېمەيدىغاندىنغۇ. بىر كۈنى مالچى يۇڭ سېتىش ئۈچۈن بازارغا كىرىپ كەتكەنىكەن، تايغانلار قويلارنىڭ سېمىزىنى بىردىن - بىردىن تاللاپ يەپ، بەش - ئالتىلا قوي قاپتۇ. كېيىنچۇ؟ تايغانلار بۇ بىر نەچچە قوينىمۇ تۇزۇت قىلىپ ئۇلتۇرمايلا يەۋېتىپتۇ.





# تۇزاقتىكى ئېيىق

مىشكا ئېھتىياتسىزلىقتىن تۇزاققا چۈشۈپ قاپتۇ. بىز ئادەتتە ھايات ـ مامات مەسىلىسى توغرىسىدا ناھايىتى يەڭگىللىك بىلەن چوڭ گەپلەرنى قىلىپ قويىمىز، لېكىن ئۆلۈمنىڭ شەپىسى كەلگەندە ئەھۋال ئۇنداق بولمايدۇ، چۈنكى ئۆلۈمنى ھېچكىم خالىمايدۇ ئەمەسمۇ !

بىزنىڭ ئېيىق ناھايىتى كۈچلۈك، تاغنى تاغقا ئۇرالايدىغان دەرىجىدە باتۇر، بىراق تۇزاققا چۈشۈپ قالغاندا ۋە تەرەپ ـ تەرەپتىن ئادەملەر مىلتىق، ئارىلارنى تەڭلەپ، ئىتلار تۇشمۇ تۇشتىن ئوراپ تۇرغاندا، ئۇ نېمىمۇ قىلالىسۇن؟ مىشكا بۇنىڭغا بىر ئەقىل ئىشلەتمەكچى بوپتۇ ـ دە، ئوۋچىلارغا مۇنداق دەپتۇ:

— دوستلىرىم، مەن زادى ئىنسانلارغا نېمە يامانلىق قىلدىم؟ قارىغاندا جېنىمنى ئالىدىغان ئوخشايسىلەر، لېكىن نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىلىسىلەر؟ ئېيىقنىڭ يامان گېپىنى قىلغۇچىلارغا ئىشەنمەڭلار، ئېيىقلارنى ئەسكى، ۋەھشىي دېسە ئادىللىق بولمايدۇ. ئۆزۈمنى مىسالغا ئالسام، قوشنىلىرىمدىن سورىساڭلار چوقۇم دەپ بېرىدۇ، پۈتكۈل يىرتقۇچ ھايۋانلار ئىچىدە مەندەك يەنە بىرى يوق (بۇنى ھېچكىم ئىنكار قىلمايدۇ)، مەن ئۆلگەن ئادەمگە ھەرگىز چېقىلمايمەن !

— بەللى، توغرا دېدىڭ، — دەپتۇ تادان ئوۋچىلاردىن بىرى، — مەن ئۆلۈك ئادەملەرنى بۇ قەدەر ھۆرمەتلىگىنىڭگە بەكمۇ خۇشال، بىراق پۇرسەت كېلىپ قالسا تىرىك ئادەملەرنى ئوڭاي قولدىن چىقىرىۋەتمەيسەنغۇ دەيمەن. ئۆلۈك ئادەمنى يېمىگىنىڭدىن تىرىك ئادەمنى قويۇپ بەرگىنىڭ ياخشى ئەمەسمىدى !



# بىر تۈپ بۇغداي

شامالدا لاغىلداپ تىترەپ تۇرغان بىر تۈپ بۇغداي پار-
نىكنىڭ ئىچىدىكى نازۇك گۈلنى كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭ مەخسۇس
پەرۋىش تېپىپ، راھەتلىنىپ ئارامخۇدا ياشاۋاتقانلىقىنى، ئۆزد-
نىڭ بولسا چىۋىنلەرگە ئاياغ ئاستى بولۇپ، قەھرىتان سو-
غۇق، تومۇز ئىسسىق، بوران - چاپقۇننىڭ دەردىنى تارتىۋات-
قانلىقىنى ئويلاپ ئېگىسىنى تىللىغىلى تۇرۇپتۇ:

— بىز ئادەملەرنى ئادىل، لىللا ئىش قىلىدۇ، دەپ ئۇ-
مىد قىلساق، نېمىشقا ئۇمىدىمىزنى يەردە قويىدۇ؟ ھەي ئى-
گەم، كىمىكى كۆزۈڭگە چىرايلىق كۆرۈنۈپ كۆڭلۈڭنى ئوۋ-
لىۋالسا، سەن شۇنىڭ ئېتىكىدە ئۆمىلەپ يۈرىدىكەنسەن،
ھالبۇكى تۇرمۇشۇڭدا ئەڭ يېقىن ياردەمدە بولغان نەرسىگە
كۆڭۈل بۆلگۈڭمۇ كەلمەيدىكەن ! ساڭا بىز بۇغدايدىن بۆلەك
زادى كىم بايلىق ئېلىپ كەلدى؟ بىزنى ئۇرۇق قىلىپ ئې-
تىزغا چاچقاندىن بېرى كىم بىزنىڭ ھالىمىزدىن خەۋەر ئې-
لىپ باقتى؟ ! بىزنى بوران - يامغۇردىن، سوغۇق ھاۋادىن
ساقلاش ئۈچۈن پارنىكنىڭ ئىچىگە ئەكىرگەن ۋاقتىڭمۇ بول-
دىمۇ؟ ئەتراپىمىزدىكى ئوت - چۆپلەرنى ئوتىغان، قۇرغاقچى-
لىقتا ئۇچرىغاندا، سۇ توشۇپ كېلىپ بىزنى سۇغارغان ۋاقتى-
لىرىڭمۇ بولدىمۇ؟ ياق ! بىزنى قانداق ئۆسسەڭ ئۆسمەمسەن،
دەپ بولۇشمىزغا تاشلاپ قويىدۇڭ. ئەمدى ھېلىقى سارالڭ قې-
تىش گۈللىرىڭنىچۇ، ئۇلار ساڭا پۇل تېپىپ بەرمىسىمۇ،
بىزگە ئوخشاش (سەنغۇ بىز بۇغدايلارنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇدۇڭ)



ساڭا ئوزۇق بولمىسىمۇ، سەن يەنە ئۇلارنى پارنىكنىڭ ئىچىدە مۇھاپىزەت قىلدىڭ، ئۇلارنى بەكمۇ ئەركە، ئەتىۋار قىلىۋەتتىڭ. ئەگەر سەن بىز بىلەن ئۇلارغا بىر كۆزدە قارىساڭ، چوقۇم كېلەر يىل يۈز ھەسسىلەپ مول ھوسۇل ئالىسەن، بىزنى پېتىربۇرگقا ئاپىرىپ سېتىپ ھېچكىم تاپالمىغان پۇلنى تاپىسەن. ئەمدى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، بىز ئۈچۈن پارنىك سېلىپ بەرگىن.

— ئوبدان دوستۇم، — دەپتۇ بوغداينىڭ ئىگىسى جاۋاب بېرىپ، — قارىغاندا سەن مېنىڭ قىلغان ئىشلىرىمنى پۈتۈنلەي كۆرمىگەن ئوخشايسەن، سۆزۈمگە ئىشەن، مەن سىلەر ئۈچۈن جىق جاپا چەكتىم، مېنىڭ قىلغان ئەمگىكىمنى بىلسەڭ بولىدۇ، مەن چاتقاللارنى ئېلىپ تاشلاپ، يەرگە ئوغۇت بەردىم، راست گەپ، مەن ئاز جاپا چەكمىدىم. جىق سۆزلەشكە ۋاقتىممۇ يوق، خۇشۇممۇ يوق، ئارتۇقچە سۆز ھاجەتسىز! ئەمدى شامال، يامغۇرغا كەلسەك، دوستۇم، بۇنى خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا قويايلى. ناۋادا سېنىڭ دانا مەسلىھەتىڭ بىلەن ئىش كۆرسەم، ئۇ چاغدا گۇلدىنمۇ، بوغدايدىنمۇ تەڭلا قۇرۇق قالىمەن.

※ ※

بەزەن ساددا سەھرالىقلار، سەممىي جەڭچىلەر، ئاق كۆڭۈل ھۈنەرۋەنلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىنى باشقىلارنىڭكى بىلەن يۇقىرىقىدەك سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تۆۋەن ئورۇندا تۇرۇپ قالغانلىقىدىن زارلىنىدۇ. ئۇلاردىكى بەزى ئەھۋاللارنى مېنىڭ مۇشۇ مەسەلىم ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ قويسام بولار.



# بالا بىلەن قۇرت

خائىننى ئۇزۇن زامانغىچە كۆرەلمەي يۈرەلەيدۇ، دەپ ئويـ-
لىماسلىق كېرەك! دەسلەپتە ئۇنى ئىشلەتكەن، ئۇنىڭدىن نو-
مۇسسىزلىق بىلەن پايدىلانغان ئادەم كەلگۈسىدە ئۇنى پىسەن-
تىگىمۇ ئىلمايدۇ، بەلكى ئۇنى تازا دەپسەندە قىلىدۇ، ئەڭ
ئالدى بىلەن خائىن ئۆز ئۇمىدىنىڭ پۈتۈنلەي يوققا چىققىنىـ-
نى بايقايدۇ.

※ ※

بىر كۈنى، قۇرت دېھقاندىن ئۇنىڭ بېغىدىن ۋاقىتلىق
پايدىلىنىش توروشنى ئىلتىماس قىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ هالال
قۇرت بولىدىغانلىقىنى، مېۋىلەرگە ھەرگىز تەگمەيدىغانلىقىنى،
يوپۇرماق، يوپۇرماق دېگەن نەرسىلەر بولغان تەقدىردىمۇ يەرگە
چۈشۈپ كەتكەن يوپۇرماقلارنىلا يەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.
«مەندىن ھېچقانچە چوڭ ئىلتىپات كەتمەيدىكەنغۇ، دەپ
ئويلاپتۇ دېھقان، بېغىمدا ئۇنچىلىك ئىمكانىيەت دېگەن كەڭ-
رىچىلىكقۇ، ئۇ تورسا تورىۋەرمەمدۇ، ھاۋا دېگەنگە پول كەت-
مەيدۇ. ئۇنىڭ يەردىكى بىر - ئىككى تال يوپۇرماقنى يېگىنىـ-
گە ئالەم مالەم بولۇپ كېتەتتىمۇ».
شۇنداق قىلىپ، دېھقان ئۇنىڭ دېگىنىگە قوشۇلۇپتۇ.
قۇرت مىتە دەرەخكە يامىشىپ چىقىپ، شامالغا دالدا بولىدىغان
بىر شاخنىڭ ئاستىدىن ئورۇن ئاپتۇ. قۇرتنىڭ يەيدىغىنى تا-



يىنلىق بولغاچقا، ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا دەخلى - تەرۇز قىلماپ-
تۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جاھاننى ئۇنتۇپ مۇستەقىل ھالدا خا-
تىرجەم تۇرمۇش كەچۈرگىلى تۇرۇپتۇ.

قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ تۇرغان بۇ گۈزەل باغدا، دەرەخ-
نىڭ ئاچىماق شېخىدا كۈندىن - كۈنگە مەي باغلاپ، كەھ-
رىۋادەك تاۋلىنىپ تۇرغان بىر ئالما بار ئىكەن. بىر شوخ بالا
ئاپتاپتا ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغان بۇ ئالمىغا بۇرۇندىنلا
كۆز تاشلاپ يۈرگەنىكەن. ئۇنىڭ پۈتۈن پىكىر - خىيالى شۇ
ئالمىنى قولغا چۈشۈرۈشتىلا ئىكەن. ئۇ دەرەخكە چىقىپ ئال-
مىنى ئالاي دېسە پۈختىراق ئورۇندۇق تاپالماپتۇ، دەرەخنى قا-
قاي دېسە كۈچى يەتمەپتۇ. قىسقىسى، ئۇ ئالمىنى ئۈزۈۋېلىشقا
ئامال تاپالماي قاپتۇ.

ئەمدى ئۇنىڭغا شۇ ئالمىنى قانداق ئوغرىلاش توغرىسىدا
كىم ئەقىل كۆرسىتىپتۇ دېمەمسىلەر؟ ھېلىقى قۇرت
كۆرسىتىپتۇ.

— ماڭا قارا، — دەپتۇ قۇرت، — مېنىڭ ساڭا توغرا
مەسلىھەت بېرەلەيدىغانلىقىمغا ئىشەنچىم كامىل. خوجايىن ئا-
دەملىرىگە بۇ دەرەختىكى ئالمىلارنى يىغىۋېلىشنى بۇيرۇدى.
دېمەك، ساڭىمۇ، ماڭىمۇ بۇ ئالما مەڭگۈلۈك ئەمەس. لېكىن،
ئىككىمىز تەڭ كۆرەيلى دېسەڭ، بۇ ئالمىنى مەن چۈشۈرۈپ
بېرىشىم مۇمكىن. بۇ ئالما ئىككىمىزگە تەۋە بولغان چاغدا
سەن مەندىن ئون ھەسسە جىق يەيسەن، ماڭا تەگكەن ئازراق
بىر ئۈلۈشىمۇ مېنىڭ بىر نەچچە سائەت شورىشىمغا يېتىدۇ.

ئۇلار ئالمىنىڭ قانچە ئۈلۈشى بالىغا، قانچە ئۈلۈشى
قۇرتقا تەۋە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا دەرھال كېلىشىمگە كەپ-
تۇ. قۇرت تېزلا ئىشقا كىرىشىپ، ئالمىنى ساپىقىدىن چىش-





لەپ چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. لېكىن، ئۇ نېمىگە ئېرىشىپتۇ؟

ئالما يەرگە چۈشۈشى بىلەنلا بالا ئۇنى ئېلىپ يەپ پەقەت ئۇرۇقى قالغاندىلا چۆرۈۋېتىپتۇ. قۇرت ئۆمىلەپ كېلىپ ئۆزىنىڭ ئۈلۈشىنى تەلەپ قىپتىكەن، بالا يۈگۈرۈپ كەلگەن بويى ئۇنى دەسسەپ مىجىقىنى چىقىرىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مىتىمۇ تۈگەپتۇ، ئالمىمۇ تۈگەپتۇ.





# مېيىتنى ئۇزىتىش

قەدىمكى زاماندا مىسىردا ئادەم ئۆلسە، جىنازىنىڭ كەينىدىن يىغلاپ مېڭىش ئۈچۈن مەخسۇس هازىچىلارنى ياللايدىغان ئىش بار ئىكەن.

بىر كۈنى، بىر كاتتا ئەربابنى يەرلىككە قويۇشقا ماڭغاندا، ئۇنىڭ كەينىدىن بىر تالاي ياللانما هازىچىلار: ۋاي بالدۇر تۈگەپ كەتكەن قېرىندىشىمەي، دەپ يىغلاپ مېڭىشىپتۇ. بىر ناتونۇش كىشى ئۇلارنىڭ ئىچ - ئىچىدىن يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆلگۈچىنى ئۇلارنىڭ يېقىن تۇغقىنى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپتۇ - دە:

— هەي، ماڭا قاراڭلار، — دەپتۇ ناتونۇش كىشى ئۇلارغا، — ئەگەر بۇ كىشىنى تىرىلدۈرۈپ بەر دېسەڭلار، بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدۇ. كارامىتىمنى ئىشقا سېلىپ بىر ئەپسۇن ئوقۇسام، ئۇ دەرهال تىرىلىدۇ.

— ۋاي ئوبدان ئەپسۇنچى، — دەپتۇ هازىچىلار، — بىز سىرتىمىزدا يىغلاۋاتقىنىمىز بىلەن ئىچىمىزدە خۇشال. سەن بىزگە ياخشىلىق قىلماقچى بولساڭ، ئاۋۋال ئۇنى تىرىلدۈر، ئۈچ - تۆت كۈندىن كېيىن، جېنىنى يەنە ئال. ئۇ هايات ۋاقتىدا خەق ئۇنىڭدىن ئاز - تولا ئۈمىد كۈتۈۋىدى ھەممىسى يوققا چىقتى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ياخشى بولۇپ قېلىشى ناتايىن، شۇڭا ئۇنى ئاخىر ئۆلتۈرمىسەڭ بولمايدۇ! شۇ چاغدا ئۇلار يەنە پۇل بېرىپ بىزنى هازا ئېچىپ بېرىشكە چاقىرىدۇ.





# كرىلوف مەسەللىرى

※ ※

نۇرغۇن بايلار ئادەملەرگە ئاز ـ تولا ھىممەت كۆرسىتىشنى خالىمايدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادىن يوقىلىشىنىڭ ئۆزىلا ئادەملەرگە قىلىنغان چوڭ ھىممەت.





# تىرىشچان ئېيىق

ئېيىق دېھقاننىڭ ھارۋا دوغىسى ياساپ خېلى جىق پۇل
تاپقانلىقىنى كۆرۈپ، مەنمۇ شۇ ئوقەت بىلەن جان باقمايمەنمۇ
دەپ ئويلاپتۇ (لېكىن دوغا ياساش ئوڭاي ئىش ئەمەس، ئۇنى
جايىدا ياساش ئۈچۈن خېلى سەۋر - تاقەت كېرەك - دە).

شۇنىڭ بىلەن، ئېيىق ئىشنى دەرەخ كېسىشتىن باشلاپ-
تۇ، قاراس - قۇرۇس قىلغان ئاۋازلار بىر چاقىرىم نېرىدىن-
مۇ ئاڭلىنىدىغان بوپتۇ. مىشكا قارىياغاچنىمۇ، ياڭاقنىمۇ، ئاق
قېيىننىمۇ كېسىپتۇ، ھېسابسىز دەرەخ كېسىپمۇ دوغىنى يە-
نىلا ياسىيالماپتۇ، ئاخىر ئۇنىڭ زادى نەرىنى قاملاشتۇرال-
مايۋاتقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن مىشكا دېھقاننىڭ ئالدىغا بې-
رىپتۇ.

— ماڭا قارا، دوستۇم، — دەپتۇ ئۇ، — مېنىڭ بۇ
ئىشنى قاملاشتۇرالمايۋاتقانلىقىمنىڭ سەۋەبى زادى نەدە؟ دە-
رەخنى ناھايىتى ئوبدان چانىغىنىم ئۆزۈمگە ئايان، شۇنداق
تۇرۇقلۇق بىر تالمۇ دوغا ياسىيالمىدىم. ماڭا دەپ بەرسەڭ،
بۇ ئىشنى قىلىشتا ئەڭ زۆرۈر نەرسە نېمە؟

— قوشنام، بۇ ئىشنى قىلىشتا ئەڭ زۆرۈر نەرسە، —
دەپتۇ دېھقان، — سەۋر - تاقەت، ھالبۇكى بۇ نەرسە سەندە
يوق.





# يازغۇچى بىلەن قاراقچى

سۈرلۈك دوزاخقا بىر سائەتنىڭ ئىچىدە ئىككى ئادەم چۈشۈپتۇ. بۇنىڭ بىرى يولدا ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى بۇلاپ ئاخىر قولغا ئېلىنىپ ئېتىلغان قاراقچى، يەنە بىرى رەڭگارەڭ ئەسەرلىرى بىلەن داڭق چىقارغان يازغۇچى ئىكەن. بۇ يازغۇچى ئەسەرلىرىدە ھەر خىل رەزىللىكلەرنى ۋە زەھەرلەرنى تارقىتىپ، كىتابخانلارنىڭ ئېتىقادىنى بۇلغىغان، ئۇلارنى يامانلىققا باشلىغانىكەن. ئۇنىڭ تىلى تاتلىقلىقتىمۇ، ئادەمنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈشتىمۇ دېڭىز ئالۋاستىسىدىن① زادىلا قېلىشمايدىكەن.

دوزاخنىڭ سورىقىدا قىلچە ساختىلىق بولمايدىكەن. مۇنكىر - نەكىرلەر ئىشنى قىلچە كەينىگە سوزماپتۇ، پەرىشتىلەرمۇ دۇدۇق - پۇدۇق قىلماي توغرا گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپتۇ. سوت دەرھال ھۆكۈم چىقىرىپ، بۇ ئىككى گۇناھكارنى ئىككى تال توم زەنجىرگە ئېسىلغان ئىككى مىس قازانغا بەند قىپتۇ. قاراقچى چۈشكەن قازاننىڭ ئاستىدىكى ئوت ناھايىتى ئۇلۇغ ئىكەن، قىساس پەرىشتىسى شەخسەن ئۆزى كۆرۈك بېسىپ ئوتنى تېخىمۇ كۈچەيتىپتۇ. بۇ ئوتنىڭ دەھشەتلىكىدىن دوزاخنىڭ مۇستەھكەم تاشلىرىمۇ تارسىلداپ يېرىلىپ كېتىپتۇ. ئەمدى يازغۇچىغا بېرىلگەن جازاغا كەلسەك، قارىماققا بۇ سەل سىلىقتەك كۆرۈنۈپتۇ. يازغۇچى چۈشكەن قازاننىڭ ئاستىدىكى ئوتنىڭ تۈتۈنىمۇ كۆرگىلى بولماپتۇ. لېكىن، بىخ-

---

① يۇنان ئەپسانىلىرىدە ئېيتىلىشىچە، دېڭىز ئالۋاستىسى كېمىدىكىلەرنى يېقىملىق ناخشىسى بىلەن قىزىقتۇرۇپ دېڭىزغا سەكرەشكە مەجبۇر قىلارمىش، ئاندىن ئۇلارنى سۇنىڭ ئىچىدە يەۋېتەرمىش.





سىپ تۇرغان ئوت ئاستا ـ ئاستا كۆيۈپ ھامان بىر كۈنى
دەھشىتىنى كۆرسىتىپتۇ، يىللار ئۆتكەنسېرى بۇ ئوت بارغان-
سېرى كۈچىيىپتۇ. بۇ چاغدا قاراقچى ئاللىقاچان ئوتتا كۆيۈپ
تۈگەپ بولغانىكەن، لېكىن يازغۇچىنىڭ ئاستىدىكى ئوت بول-
سا كۈندىن ـ كۈنگە ئۇلغىيىپتۇ. يازغۇچى ئاخىر بۇ دەھشەت-
لىك ئوتقا چىدىماي نالە قىلىپ ۋارقىراپتۇ:

— ئىلاھلارنى ئادىل دېگەن قۇرۇق گەپ ! مەن شۆھرى-
تىم بىلەن دۇنياغا تونۇلغان ئەمەسمۇ، ماقۇل، ئەسەرلىرىمدە
كەتكۈزۈپ قويغان يەرلىرىممۇ بولسۇن، بىراق ئۇنىڭ ئۈچۈن
ھەسسىلەپ جازايىمنى تارتتىمغۇ. تۇۋا ! قاراپ تۇرۇپ ماڭا
قاراقچىنىڭكىدىنمۇ ئېغىر جازا بېرىۋاتقىنىنى !

بۇ چاغدا ئۈچ نەپەر قىساس پەرىشتىسىنىڭ چوڭى ئۇنىڭ
قېشىدا ئىكەن. بۇدۇر چاچلىرىدا زەھەرلىك يىلانلار ۋىژىلداپ
يۈرگەن، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ۋەھشىيلىك يېغىپ تۇرغان بۇ پە-
رىشتە قولىدىكى قانلىق قامچىنى ئوينىتىپ ئۇنىڭغا مۇنداق
دەپتۇ:

— ۋوي، تەتۈر پېشانە ئادەم، ئۆزۈڭنى قاراقچى بىلەن
تەڭ ئورۇنغا قويغىنىڭ خۇدانىڭ ئىرادىسىگە قارا سانىغىنىڭ
ئەمەسمۇ؟ ساڭا سېلىشتۇرغاندا قاراقچىنىڭ جىنايىتى ھېچنى-
مە ئەمەس. ئۇ ئۆمۈر بويى يامان يولدا مېڭىپ زورلۇق ـ
زوراۋانلىق قىلدى، ئۇنىڭ ھاياتىمۇ تۈگىدى، گۇناھىمۇ شۇنىڭ
بىلەن بىللە تۈگىدى. سەنچۇ، راست، بىز سېنى ئۇزۇن زامان
كۆيدۈردۇق، لېكىن بىز ھازىرغىچە ھەر كۈنى سەن تۈپەيلى
پەيدا بولغان يېڭى ـ يېڭى جىنايى شۇملۇقلارنى كۆرۈپ تۇ-
رۇۋاتىمىزغۇ، كىتابىڭنىڭ زەھەرلىرى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بى-
لەنمۇ تۈگىگىنى يوق، بەلكى كۈندىن ـ كۈنگە چوڭىيىپ تې-





خىمۇ كەڭ تارقىلىۋاتىدۇ. مانا قارا (ئۇ كىشىلىك ھاياتىنىڭ كارتىنىسىنى يازغۇچىنىڭ ئالدىدا ئېچىپ كۆرسىتىپتۇ)، مانا شۇ كۆرمىگىلىنغان جىنايەت، بەختسىزلىكلەرنى سەن كەلتۈرۈپ چىقارغان: مانا ماۋۇسى بىر ئۆيلۈك ئادەمنىڭ يۈزىنى تۆككەن بالا، ماۋۇ مېھرىبان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۈمىدىنى يەر بىلەن يەكسان قىلغان بالا، ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى قارا قىلىۋەتكەن كىم؟ سەن! ھۆكۈمەتنى مازاق قىلغان، نىكاھ ئەھدىلىرىنى كۈلكە ئاستىغا ئالغان كىم؟ قانۇندىن كاۋاك ئىزدىگەن كىم؟ دۇنيادىكى بەختسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ ئىنسانلارنى ئازابلىغىنى دەپ چۈشەندۈرگەن كىم؟ جەمئىيەت چەكلىمىسىدىگە كۈچەپ بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى بولغان كىم؟ سەن! نەدىكى تۇتۇرۇقسىز گەپلەرنى بىلىم دەپ ماختاپ كۆككە ئۇچۇرغان سەن ئەمەسمۇ؟ ھېلىقى رەزىل چوڭ مەكتەپلىرىڭدىكى ئوقۇغۇچىلارنى زاۋاللىقتا باشلايدىغان ئەللامىلارغا ئوخشاش، سەنمۇ شېرىن ـ شېكەر گەپلىرىڭ بىلەن خەقنى بۇزۇقچىلىقتا، ئەسكىلىككە باشلىدىڭ، سەن تۈپەيلى پانىي دۇنيادىكى ئاشۇ مالىماتاڭ دۆلەتتە قەتل قىلىش، بۇلاڭچىلىق، توپىلاڭ ۋە ئىچكى ئۇرۇش ئەۋج ئېلىپ كەتمىدىمۇ؟ ھەر بىر تامچە كۆز ياش، ھەر بىر تامچە قان سېنىڭ قىلغان گۇناھلىرىڭنى چۈشەندۈرۈپ تۇرسا، سەن يەنە زەھەرلىك تىلىڭ بىلەن بىزگە تۆھمەت چاپلاۋاتىسەنغۇ؟ سېنىڭ ئۇ زەھەرلىك ئەسەرلىرىڭنىڭ كەلگۈسىدە يەنە قانداق بالايىئاپەت تېرىيدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ؟ ئەمدى چىدا، يامانلىق قىلغان ئادەمنىڭ كۆرىدىغىنى ھامان مۇشۇنداق بولىدۇ!

غەزەپكە كەلگەن پەرىشتە سۆزىنى تۈگىتىپتۇ ـ دە، بېرىپلا قازاننىڭ تۈۋىقىنى يېپىۋېتىپتۇ.



# قوزا

«ئۇلار ماڭا كايىسا كايىۋەرسۇن، خۇش بولمىسامۇ ھەر ھالدا ۋىجدانىم پاك بولغاندىكىن ماڭا نېمىدى» دېگەن گەپنى پات - پات ئاڭلاپ تۇرىمەن. مېنىڭچە، بۇنداق ئىشنى ۋىجدانىم پاككۇ دەپلا بولدى قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ. بولمىسا، باشقىلار كۆزگە ئىلمايدىغان، ياخشى نامدىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئىشلار يۈز بېرىدۇ.

بولۇپمۇ سىلەر، ياش قىزلار شۇنى بىلىشىڭلار كېرەككى، ياخشى نام ھەر قانداق زىبۇزىننەتتىن قىممەتلىك؛ ياخشى نام باھاردىكى چېچەككە ئوخشاش، بىر پەس چىققان شامال ئۇنى توزىتىۋېتەلەيدۇ. گەرچە روھىي دۇنيايىڭلار ساپ، ۋىجدانىڭلار پاك بولسىمۇ، بىرەر قاراش، بىرەر ئېغىز سۆزۈڭلەردە سەللا كەتكۈزۈپ قويساڭلار، تۆھمەتچىلەر دەرھال پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سىلەرگە قارا چاپلايدۇ. ئۇ چاغدا ئەھۋالىڭلار بۇرۇنقىدىن چاتاق بولىدۇ.

«ئۇنداقتا، بىز ھېچكىمگە قارىماساق، سۆز قىلمىساق بولغۇدەك - دە؟» ياق، مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس. لېكىن، سىلەر ھەر بىر ئىش - ھەرىكەتتە ناھايىتى ئېھتىيات قىلىشىڭلار كېرەك، ئىشقىلىپ بوھتانچىلارغا تۇتقا تېپىپ بېرىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن.

ئانيۇتوشكا، ئەزىزىم، سەن ۋە سېنىڭ دوستلىرىڭ ئۈچۈن مەن مۇشۇ مەسەلنى تەييارلىدىم. ئولتۇرۇپ ئۇنى قەلبىڭگە خاتىرىلىۋال. سەن چوڭ قىز بولغان چېغىڭدا بۇ مەسەلنى





# كرىلوف مەسەللىرى

ئېسىڭدە ساقلىغۇالغانلىقىڭنىڭ پايدىلىق بولغانلىقىنى ھېس قىلىسەن. بۇلۇڭدا ئولتۇرۇۋالماي مەيەرگە كەل، ئەزىزىم. قورچىقىڭنى چەتكە قويۇپ قويۇپ، قوزىنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىگە قۇلاق سال. بۇ ھېكايەم بىر مىنۇتقا قالماي تۈگەيدۇ.

※ ※

بىر نادان قوزا بۆرە بولۇپ ئويناش ئۈچۈن، بۆرە تېرىسىنى يېپىنىپ، قويلارنىڭ ئەتراپىدا پىرقىراپ يۈرگەنىكەن. تايغان ئۇنىڭ بۆرە قىياپىتىدە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال ھەرىكەتكە كەپتۇ. قوزا بۇ ئىشنى باشقىلارغا ئويۇن قىلىپ ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن قىلىۋاتقان بولسىمۇ، تايغان ئۇنى يەم ئىزدەپ چىققان بۆرە دەپ ئويلاپ، ئېتىلىپ بېرىپلا ئۇنى ئوڭدىسىغا يىقىتىۋېتىپتۇ. بەختسىز قوزا نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە تايغان ئۇنى تاتىلاپ - تىرمىلاپ پارە - پارە قىلىۋەتكىلى تاس قاپتۇ.

ھېلىمۇ ياخشى، شۇ يەردە پادىچى بولغاچقا، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋاپتۇ. بىراق، ئىتنىڭ ئاغزىغا چۈشۈپ قېلىش ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس، شۇنداققۇ؟

ھەي بىچارە قوزا ! بۇ پالاكەتچىلىكتىن قورقۇپ، ئۇنىڭ جان - پىنى چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئاران پۇتىنى سۆرەپ قوتانغا كىرىپتۇ. شۇ كۈندىن تارتىپ ئۇ ئورۇقلىغىلى تۇرۇپتۇ، روھى چۈشۈپ، ھەممە نېمىدىن قورقۇپ، تىترەپ، ئاھ ئۇرۇپ يۈرىدىغان بوپتۇ.

ئەگەر قوزا ئازراق كاللا ئىشلەتكەن بولسا، ھەرگىزمۇ ئەخمەقلىق قىلىپ يىرتقۇچ بۆرە بولۇپ ئويناپ يۈرمىگەن بولاتتى !





# چاشقانلارنىڭ مەجلىسى

بىر كۈنى، چاشقانلار دۇنيانى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىدىغان بىر سۇيىقەستنى پىلانلاپتۇ. ئۇلار ئەركەك، چىشى مۇشۈكلەرنىڭ چىشىنى غۇچۇرلىتىۋېتىدىغان، ئاشپەز ۋە غوجىدار ئايالنى غەزەپتىن ساراڭ قىلىۋېتىدىغان بىر ئىشنى قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ غەلىبىسى ۋە نام ـ شۆھرىتىنى گەمىدىن تا راۋاققىچە، ھەممە يەردە دەبدەبە بىلەن جاكارلىماقچى ئىكەن. شۇڭا، ئۇلار شۇ كۈنى كېچىسى دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى چاقىرماقچى بوپتۇ. بۇ يىغىنغا پەقەت قۇيرۇقى تېنىدىن قىسقا بولمىغان چاشقانلارلا قاتنىشىشى كېرەك ئىكەن. بۇ بەلگىلىمە سەل غەلىتە كۆرۈنسىمۇ، لېكىن چاشقانلارنىڭ پىكرىچە، قۇيرۇقى ئۇزۇن چاشقانلار چوقۇم باشقا چاشقانلارغا قارىغاندا ئەقىللىق ۋە سەزگۈر بولىدىكەن.

بۇنداق قاراش بىمەنىلىكمۇ ـ ئەمەسمۇ، ھازىرچە بۇنى مۇلاھىزە قىلمايلى. زېرەكلىك ۋە دانالىق مەسىلىسىگە كەلگەندە، بىزنىڭمۇ ساقىلىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى، كىيىم ـ كېچەكنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى ئۆلچەم قىلىپ ھۆكۈم قىلىۋېتىدىغان ۋاقىتلىرىمىز بارغۇ. خوش، شۇنداق قىلىپ، چاشقانلار شۇ سورۇندىلا بۇ مەجلىسكە چوقۇم قۇيرۇقى ئۇزۇن چاشقانلار قاتنىشىشى كېرەك، دەپ قارار قوبۇل قىلىشىپتۇ. بەزى بەختسىز چاشقانلار گەرچە ئاشكارا جەڭدە قۇيرۇقىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ (بۇ ئۇلارنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى ۋە پالاكەتلىكىنىڭ ئىسپاتى)، ئۇلارنىڭ مەجلىسكە قاتنىشىشى





قەتئىي رەت قىلىنىپتۇ، چۈنكى ئۇلار بىلەن بىللە بولۇپ قالسا، باشقا چاشقانلارمۇ قۇيرۇقىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئىش بولىدىكەن.

شۇنىڭ بىلەن، ھەممە ئىش جايى - جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، كۆپچىلىككە يېرىم كېچىدە كېلىپ مەجلىسكە قاتنىشىشقا ئۇقتۇرۇش قىلىنىپتۇ. رەئىس ئۇن قويۇلغان ئۆيدە مەجلىسنىڭ ئېچىلغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. كۆپچىلىك ئورۇنلىرىغا ئەمدى ئولتۇرغانىكەن، بىر ياش چاشقان سورۇندىكىلەرنىڭ قاتارىدا بىر قۇيرۇقسىز چاشقانىنىڭمۇ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ: «ۋاي خۇدايىم، بۇ نېمە ئىش!» دەپ ئويلاپ، يېنىدا ئولتۇرغان ئاق ساقال چاشقاننى نوقۇپ، جىددي، لېكىن پەس ئاۋازدا سوراپتۇ:

— ھوي، ئاۋۇ قۇيرۇقى يوق ئەبلەخمۇ بۇ يەرگە كىرىۋاپتىغۇ؟ بۇنداق بولسا، بىزنىڭ قانۇنىمىز نەگە كەتتى؟ دەرھال قاراۋۇلنى چاقىرايلى، ئۇنى ھەيدەپ چىقىرىۋەتسۇن! بىز ئۇ قۇيرۇقسىزلار بىلەن قانداقمۇ بىر يەردە ئولتۇرالايمىز؟ ئۇلارنىڭ بىزگە كىچىككىنىمۇ پايدىسى بولمىسا؟ ئۇلار ئەقەللىيسى قۇيرۇقىنىمۇ قوغدىيالمىغان تۇرسا! ئۇلار بىزنىڭلا ئەمەس، دۆلەت كېڭەشىمىزنىڭمۇ بېشىغا چىقىدۇ.

— بوش سۆزلە، — دەپتۇ قېرى چاشقان، — بۇنى بىلىمەن! ھەرگىز داۋراڭ سالما، ئۇ قۇيرۇقسىز چاشقان مېنىڭ قەدىناس ئاغىنەم.





# تۈگمەنچى

سۇ توختىماي ئۇرۇلۇپ تۈگمەنچىنىڭ چۇشۇرگىسىنى ئازراق تېشىپ قويۇپتۇ. بۇ ئانچە چوڭ چاتاق بولمىغاچقا، دەسلەپتە دەرھال تۇتۇش قىلسا ئوڭشىۋالغىلىمۇ بولىدىكەن، بىراق تۈگمەنچى ئېرىنىپ كويۇش قىلمىغاچقا، بۇ تۆشۈك كۈندىن - كۈنگە يوغىناپ، ئېتىۋالماق تەس بولۇپ قاپتۇ. ئەمدى بۇ كاماردىن سۇ چېلەكلەپ تۆككەندەك ئېقىپ چىقىپ كېتىۋېرىپتۇ. تۈگمەنچىمىز ئەمدى خاراموشلۇق قىلىپ تۇرىۋەرمەي، دەرھال ھوشىنى تېپىپ بىر ئامال قىلىشى كېرەك - دە.

لېكىن، ئۇ: «كېرەك يوق، ئۇنى توسمىسامىمۇ، ماڭا ئېقىپ تۇرغان سۇ بولسىلا بولىدىغۇ، ماڭا دېڭىز - ئوكياننىڭ سۈيى كېتەمتى، بۇ تۈگمەندىن ئالەمچە بايلىق تېپىش تەمەيىم بارمىدى» دەپ ئويلاپتۇ.

ئۇ چۇشۇرگىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان سۇغا كارى بولماي يۈرىۋېرىپتىكەن، ئاخىر سۇنىڭ ھەممىسى بىرىپ كاماردىن چىقىپ كېتىۋېرىپ، زادى ئوڭشىۋالغىلى بولمايدىغان چوڭ چاتاققا ئايلىنىپتۇ — چاقپەلەكمۇ پىرقىرىمايدىغان، تۈگمەنمۇ ئايلانمايدىغان بوپتۇ. پەقەت شۇ چاغدىلا تۈگمەنچى چاتاقنىڭ چوڭى چىققانلىقىنى ھېس قىلىپ ئاھ ئۇرۇپتۇ، قولىنى چىشلەپتۇ، بۇ ئىشنى ئوڭلاشنىڭ ئامالىنى ئويلاپ مېڭىسى چىڭقىلىپتۇ.

ئۇ كامارنى كۆرۈپ باقاي دەپ چۇشۇرگىگە بارغاندا، ئۇ



## كرىلوف مەسەللىرى

يەردە بىر توخۇ سۇ ئىچىۋاتقانىكەن. ئۇ توخۇنى كۆرۈپلا:

— ۋاي بەتبەخت، يۇڭلۇق ئەخمەق، سەن كاشىلا سالمىساڭمۇ، مېنىڭ سۇيۇم ئازلاپ كېتىۋاتقان ئەمەسمىدى، سەنمۇ سۇيۇمنى ئازلىتاي دەمسەن! — دەپتۇ - دە، دەرھال كالتەكنى ئېلىپ، توخۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىش ئامالى مانا مۇشۇ ئىكەن! كەچ كىرگەندە ئۇ يوتقانغا كىرىپ يېتىپتۇ، بۇ چاغدا ئۇ توخۇدىنمۇ، سۇدىنمۇ ئايرىلىپتۇ.

※ ※

مېنىڭ ئىسپاتىم بار، مەن ئاشۇنداق كاتتا جانابلارنى جىق كۆرگەن. بۇ مەسەلنى يېزىشتىكى مەقسىتىم ئۇلارنىڭ باشقا ئالاھىدە بىر تەرىپىنى ئېچىپ بېرىش، ئۇلار قانداقتۇر ھاجەتسىز نەرسىلەرگە كۆرمىگىلاپ پۇل خەجلەشتىن قاچمايدۇ، ۋەھالەنكى شام - كىرسىن دېگەندەك كىچىك نەرسىلەرگە بەكمۇ چىڭغلىق قىلىپ كېتىدۇ. ئۆزلىرىچە مۇشۇنداق قىلساق ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىپ پۇل تېجىۋالىمىز، دەپ ئويلايدۇ. بۇنداق چۇپەيلىك ئاخىر ئادەمگە بالا بولىدىغان ئىش، ئۇنىڭ ئازابىغا كېيىن چىدىغىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئىقتىسادچانلىقتا سەنمۇ ئاشۇنداق يول تۇتقان بولساڭ، بىر كۇنى ئۆزۈڭ بىلەن بايلىقىڭمۇ بىراق تۇگىگەن چاغدا، دوست - بۇرادەرلىرىڭ ئاخىر شۇنداق بولاتتى دەپ قويىدۇ، خالاس.



# شېغىل تاش بىلەن ئالماس

بىر تال ئالماس يەرگە چۈشۈپ قالغانىكەن، بىر سودىگەر ئۇنى تېپىۋېلىپ پادىشاھقا سېتىپتۇ. پادىشاھ ئۇنى ئالتۇنغا كۆز قىلىپ قويدۇرۇپ ئەتىۋارلىق بۇيۇم سۈپىتىدە تاجىغا ئورناتقۇزۇپتۇ.

شېغىل تاشلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى ھاياجانلىنىپتۇ ۋە بىزمۇ شۇنداق جايدىن ئورۇن تېپىپ قېلىشىمىز مۇمكىن دەپ ئويلاپ، ئۆزلىرىچە قىن - قىنىغا پاتماي قاپتۇ. شۇ ئارىدا يولدىن بىر دېھقان ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىكەن، بۇ ئەقلى كالتا شېغىل تاشلار ئۇنى توسۇۋېلىپ:

— ھەي يۇرتداش ! — دەپتۇ، — سەن شەھەرگە باردىغان چاغدا بىزنىمۇ ئالغاچ كەتسەڭ ! بىز پاتقاق ۋە ھۆلچىلىك ئىچىدە قېلىپ ناھايىتى قىينىلىپ كېتىۋاتىمىز. ئاڭلىشىمىزغا قارىغاندا، بىزنىڭ ئالماس بەك شۆھرەت تاپقان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ شۇ قەدەر ئېسىل تۇرمۇش ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىغا ئەقلىمىز ھەيران. نەچچە يازدىن بېرى، ئۇ بىز بىلەن مۇشۇ يەردە بىللە تۇرىدىغان. ئۇمۇ بىزگە ئوخشاشلا بىر تاش، ئۇ تېخى بىزنىڭ يېقىن ھەمراھىمىز ھەم قەدىناس دوستىمىز. سەن بىزنى چوقۇم ئالغاچ كەت، ئۇلار بىزنى جەزمەن كاتتا خىزمەتكە سالىدۇ.

دېھقان شېغىل تاشلارنى ھارۋىسىغا سېلىپ شەھەرگە مېڭىپتۇ. بۇ تاشلار ھارۋىنىڭ ئىچىدە ئۇياق - بۇياققا دومىلەپ يۇرۇپ: «ئاغىنىمىز ئالماس بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان





بولدۇق، ئەمدى ماكانىمىز تاجىنىڭ ماڭلىيىدا بولغۇسى» دەپ ئويلاپتۇ.

ۋەھالەنكى، شىغىل تاشنىڭ ئامىتى ئۆزى ئويلىغاندىكىدەك ئوڭدىن كەلمەپتۇ. ئۇمۇ ئىشلىتىلمەپتۇ ئەمەس، پەقەت كوچىغا يېيىتىشقىلا ئىشلىتىلىپتۇ، خالاس.



# سایاق بىلەن قارلىغاچ

مەن بىر شاللاق بايۋەچچىنى تونۇيمەن. ئۇنىڭغا ھامىد-
سىدىن نۇرغۇن دۇنيا مىراس قالغان. لېكىن، ئۇ بەك بەتخەج-
لىك قىلغاچقا، ئاخىر مال - مۈلۈكلىرىنىڭ ھەممىسىنى گۆ-
رۈگە قويۇپتۇ.

ئۇنىڭ ئانچە كونا دېگىلى بولمايدىغان چىرايلىق جۇۋىسى
بار ئىكەن. يەرلەر توڭلاپ، قاتتىق سوغۇق بولۇۋاتقان قىش
كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۇ تۇيۇقسىز ئۇچۇپ كەلگەن بىر قارلى-
غاچنى كۆرۈپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ بۇ گومۇش باي-
ۋەچچە جۇۋىسىنىمۇ كۆرۈگە قويۇۋېتىپتۇ، چۈنكى ئۇ مۇنداق
ئويلاپتۇ: «ھەممىگە مەلۇم، باھار كەلمىگۈچە ئاسماندا قارلى-
غاچنىڭ دىدارىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئەمدى جۇۋىنىڭ ھېچ-
قانداق لازىمى قالمىدى، يەنە جۇۋىغا يۆگىنىۋېلىپ نېمە قىلى-
مەن. ئەمدى تۇنجى باھار شامىلى ئويغانغان تەبىئەتكە ئوماق
جىلۋە بېغىشلىدى؛ سۈرگۈن قىلىنغان سوغۇق سۆكۈنات قۇ-
چىقىدىكى شىمالىي زېمىنغا ئۇچۇپ كەتتى».

بىزنىڭ بايۋەچچە ھېسابقا ئۇستا، لېكىن ئۇ: «بىر قارلى-
غاچنىڭ كېلىشى بىلەن باھار بولماس» دېگەن ھېكمەتنى ئۇن-
تۇغان، ھېچبولمىغاندا چۈشكۈرۈش باشلانغۇچە پۈتۈنلەي ئۇن-
تۇغان.

ئەمەلىيەت يەنە ئەمەلىيەتنى كۆرسىتىپتۇ ! يەنە سوغۇق
باشلىنىپتۇ، ھارۋىلار قار دۆۋىلىنىپ كەتكەن يوللاردا غار-
سىلدىغان ئاۋازلارنى چىقىرىپتۇ، مورىلاردىن ئىس چىققىلى





تۇرۇپتۇ. دېرىزە ئەينەكلىرىدە ھەر خىل شەكىللەرنى چىقىرىپ نېپىز مۇز توڭلاپتۇ.

بىچارە ساياق ! سوغۇق تەگكەچكە ئۇنىڭ كۆزلىرىنى چا-پاق بېسىپتۇ. باھارنىڭ كېلىشىدىن دېرەك بەردى دەپ قارىغان ھېلىقى قارلىغىچمۇ توڭلاپ ئۆلۈپتۇ، بايۋەچچە قارلىغاچقا قاراپ چىشلىرىنى كاراسلىتىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي ئەبلەخ، سەنمۇ ئۆلۈپسەنغۇ، مەن سېنى كۆ-رۈپ، ئۆزۈمچە ئىشەنچ قىلىپ، جۇۋامنىمۇ گۆرۈگە قويۇۋې-تىپتىمەن ئەمەسمۇ، ئەستاغپۇرۇللا !



# كىچىك چىپار بېلىق

مەن ھۆكۈما ئەمەس، لېكىن پەرۋانىنىڭ ئوت ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگىنىنى كۆرگەندە دائىم پەرۋانە ئوت بىلەن ئوينىشىپ ئاخىر بېشىغا چىقىدۇ، دەپ ئويلايمەن. مېنىڭ بۇ ھۆكمۈم ئاساسەن خاتا چىقمايدۇ. دوستۇم، بۇ سەن ئۈچۈنمۇ ساۋاق بولۇپ قالسۇن! چۈنكى، ھەممىمىز مۇشۇنداق خۇلاسىگە ئېرىشىمىز، مەيلى چوڭ ئادەم، مەيلى كىچىك بالا بولسۇن، ھېچكىممۇ بۇنى ئىنكار قىلالمايدۇ.

سېنىڭ مەسىلىڭ مۇشۇمۇ دېيىشىڭ مۇمكىن، ئالدىرىما، بۇ مېنىڭ كىرىش سۆزۈم، رەسمىي دەيدىغان گېپىم تېخى كەينىدە. بۇ مېنىڭ كاللامدا ئويلاۋاتقان بىر پىكىر.

ۋاھ، مانا، كۆزلىرىڭلاردىن باشقىچە بىر مەنە چىقىۋاتىدۇ. دەسلەپ مەسىلىنى بەك قىسقا بولۇپ قالمىغىدى دېۋىدىڭلار، ئەمدى خاتالاشمىسام، بەك ئۇزىراپ كېتىشىدىن ئەنسىرەۋاتىسىلەرغۇ دەيمەن. لېكىن، ماڭا نېمە ئامال؟ ماڭىمۇ دىققىتىنى بۆلىدىغانلار چىقىپ قالار. كۈز يامغۇرى توختىماي سىمىلداپ يېغىۋاتىدۇ، قېرىلار پاراڭ سېلىپ ئولتۇرۇشقا ئامراق، ئەگەر مېنى كۆزگە ئىلساڭلار، ھېكايەمنىڭ ئۇرانىغا دىققەت قىلىپ ئاخىرىغىچە قۇلاق سېلىڭلار!

مەن خەقلەردىنمۇ ئاڭلىغان، بىز ئۆزىمىزنىڭ خاتالىقىنى ئەرزىمەس بىر نەرسە قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئۆزىمىزنى پەرۋاسىز يۈرگەندەك كۆرسىتىمىز، ھەتتا «ئۇنچىلىك ئىشقا نېمە بولاتتى، چاقچاقتۇ!» دەپ قويۇشلىرىمىزمۇ





# كرىلوف مەسەللىرى

بار. ۋەھالەنكى، دەسلەپكى شۇ چاقچاق بارا ـ بارا سېنى چۈشكۈنلۈككە ئېلىپ بېرىشى، ئادەتكە ئايلىنىپ قېلىشى، ئاخىر ئىستەككە، يەنە كېلىپ سېنى زور كۈچ بىلەن جىنايەت ۋە يامانلىق يولىغا ئىتتىرىدىغان قۇتراتقۇ ئىستەككە ئايلىنىپ، سېنى ئۆز ئىختىيارىڭدىن مەڭگۈ مەھرۇم قالدۇرۇشى مۇمكىن. ئۆزىگە تەمەننا قويۇشنىڭ نەقەدەر پاجىئەلىك ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۇرۇش ئۈچۈن، مەن ئۆزۈم بىلىدىغان بىر ھېكايىنى سىلەرگە تەقدىم قىلاي. بۇ قېتىم بۇ مەسەل ئىلھامىم بۇلىقىدىن ئېتىلىپ چىقتى، ئەگەر سىلەر بۇنىڭدىن ساۋاق ئالالىساڭلار تېخىمۇ ئوبدان بولغىنى.

※ ※

بىر دەريانىڭ بويىدا (بۇ دەريانىڭ ئىسمى ئېسىمدە قالماپتۇ)، بېلىقچىلار — ھېلىقى سۇ زومىگىرى دەپ ئاتالغانلار بىر مۇنچە قارماقلارنى سېلىپ ئولتۇرغانىكەن. سۇنىڭ مۇشۇ تەرىپىدە بىر كىچىك چىپار بېلىق دائىم پىلتىڭلاپ ئوينايدىكەن. ئۇ بېلىق ناھايىتىمۇ تېتىك، چاققان، چەبدەس، يۈرەكلىك ھەم قارام بولۇپ، ھەمىشە قارماقنىڭ ئەتراپىدا تۇتۇق بەرمەي پىرقىراپ يۈرۈپ، بېلىقچىلارنىڭ سەپرايىنى ئۆرلىتىدىكەن. بىر بېلىقچى قارمىقىغا بېلىقنىڭ ئىلىنىشىنى كۈتۈپ سەۋرچانلىق بىلەن خېلى ئولتۇرۇپتۇ، قارماقنىڭ لەيلىگۈچىگە قاراپ، ئەمدى بېلىقنى تۇتىدىغان بولدۇم، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، يۈرىكى ئويىنىغان ھالدا قارماقنى ئېتتىك كۆتۈرۈپتۇ. بىراق، قارمىقىدا نېمە بار ئىكەن دېمەمسىلەر؟ ھېچنېمە يوق،



ھەتتا قارماقنىڭ ئۈچىدىكى سازاڭمۇ بىلىققا يەم بولۇپ كەتكەنىكەن ! شۇ چاغدا ھەممىگە يېتىشلىك، كاززاپ چىپار بېلىق خۇددى بىلىقچىنى مازاق قىلغاندەك كۈلۈپ قويۇپ، يەمچۆكنى يەپ بولۇپلا، شارتلا قىلىپ سۇنىڭ قەھرىگە كىرىپ كېتىپتۇ. چېچەنلىكتە ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىگەن بېلىقچى قىرغاقتا ناھايىتى پاراكەندىچىلىكتە قاپتۇ.

— ماڭا قارا، قەدىرلىك سىڭلىم، — دەپتۇ چىپار بېلىقنىڭ ئاكىسى ئۇنىڭ قېشىغا ئۈزۈپ كېلىپ، — سەن بېشىڭغا بالا تېپىۋالىدىغان بولدۇڭ، خۇددى بىزنىڭ ماكانىمىز ساڭا تار كېلىپ قالغاندەك، كۆن بويى قارماقنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرگىنىڭ نېمىسى؟ سەندىن ئايرىلىپ قالمىغىيدۇق دەپ ئەنسىرەيمەن. قارماققا قانچىكى يېقىن كەلسەڭ، ئۆلۈمۈڭگە شۇنچىلىك يېقىنلىشىسەن ! ماقۇل، بۈگۈنغۇ ئۆتۈپسەن، ئەتە سېنىڭ يەنە ساق - سالامەت قۇتۇلۇشۇڭغا كىم ھۆددە قىلالايدۇ؟

ئۇنىڭ گەپلىرى ئورۇنلۇققۇ ! لېكىن، كىچىك چىپار بېلىق بۇ سۆزلەرگە پەرۋا قىلماپتۇ.

— بولدىلا، بولدى ! — دەپتۇ ئۇ، — ئۇنچىلىك ئىشنى مەنمۇ بىلىمەن ! لېكىن، بېلىقچىلارنىڭ كارامىتى ماڭا ئايان، شۇڭا مەندىن غەم قىلمىساڭمۇ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكرىسىمۇ ماڭا بەش قولدەك ئايان. قارىساڭ، شۇنداق چىرايلىق قارماقلار، ئۇ يەردىمۇ بىرى، بۇ يەردىمۇ بىرى، تېخى بارغانسېرى كۆپىيىپ كەتكەن، قاراپ تۇر، ئاكا، مەن شۇنداق ھۈنەر كۆرسىتىمەنكى، ئۇ ئەقىلدارلارنىڭ بېشى ئايلىنىپ كېتىدۇ.

كىچىك چىپار بېلىق قارماق سېلىنغان يەرگە مىلتىقنىڭ





# كرىلوف مەسەللىرى

ئوقىدەك ئۆزىنى ئېتىپتۇ، بىرىنچى، ئىككىنچى قارماقتىكى يەمچۈكلەرنى يەۋاپتۇ. ئۈچىنچىسىگە كەلگەندە، شاققىدە بوغۇزدىن ئىلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى پالاكەت بېسىپتۇ. بىچارە چىپار بېلىق خەتەرنىڭ دەسلىپىدىلا ئۇنىڭدىن يىراق قېچىش كېرەكلىكىنى پەقەت شۇ چاغدا بىلىپتۇ.







# دېھقان بىلەن يىلان

يامان بىلەن دوست بولغان كىشىنىڭ ھۆرمەت تاپمىقى تەس.

※ ※

دېھقان بىر كۆنى يىلان بىلەن دوست بوپتۇ. يىلانىنىڭ ئەقىللىق ئىكەنلىكى بىزگە مەلۇم، ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەيلا دېھقان بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ كېتىپتۇ. دېھقان ھە دېسىلا ئۇنى ماختاپ بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدىغان بوپتۇ.

ھالبۇكى، ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلىرى ئۇنىڭ ئۆيىگە يولىمايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

— بۇ نېمە ئىش؟ — دەپتۇ ئۇ بىر كۆنى دوستىغا، — ماڭا دەپ بېرىڭلارچۇ، ھېچقايسىڭلار مېنى يوقلاپ قويمايسىلەر، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە زادى؟ خوتۇنۇم سىلەرگە ئوچۇق چىراي ئاچمىغانمۇ يا، مېنى ئوبدان مېھمان قىلالمايدۇ، دەپ ئويلامسىلەر يا؟

— ئۇنداق ئەمەس، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇنىڭ دوستى، — بىز سەن بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ ئولتۇرۇشنى بەك خالايمىز. ئىككىڭلارنىڭ بىزنى رەنجىتكەن ياكى دىلىمىزنى ئاغرىتقان يېرىڭلار يوق، ھېچكىم سىلەردىن بۇ جەھەتتە ئاغرىنمايدۇ، بۇنىڭغا مەن كېپىل ! لېكىن، ئۆيۈڭگە كىرىپ ئولتۇرساق قاچان كەينىمىزدىن ھېلىقى دوستۇڭ چىقىپ بىزنى چېقىۋالاركىن، دەپ دەككە - دۈككىدە ئولتۇرىدىكەنمىز، بۇنداق ئولتۇرۇشنىڭ نېمە پەيزى بولسۇن دەيسەن.





# دۇب دەرىخى ئاستىدىكى توڭگۇز

توڭگۇز كۈن بويى دۇب دەرىخىنىڭ ئاستىدا دۇب ياڭىقىنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن يەپ تويۇۋالغاندىن كېيىن، دەرەخ سايىسىدە خورەك تارتىپ ئۇخلايدىكەن، ئۇيقۇسىغا قانغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، تۇمشۇقى بىلەن دۇب دەرىخىنىڭ يىلتىزىنى كولايدىكەن.

— ھەي، سەن بىلمەمسەن؟ مۇنداق قىلساڭ دەرەخ نابۇت بولىدۇ، — دەپ ۋارقىراپتۇ دەرەخكە قونۇۋالغان بىر قاغا ئۇنىڭغا، — يىلتىزلىرىنى ئېچىۋەتسەڭ دەرەخ قاقشال بولۇپ قالىدۇ.

— ۋاي - ۋۇي، قورۇسا قورۇمامدۇ، — دەپتۇ توڭگۇز، — قورۇپ قالسا ماڭا نېمىدى، مەن ئۇنىڭ قانچىلىك پايدىسى بارلىقىنى ھېچ بىلەلمىدىم، ئەگەر ئۇ مەڭگۈ يوق بولۇپ كەتسىمۇ ئېچىم ئېچىشمايدۇ. ماڭا دۇب ياڭىقى، مېنى تولۇمدەك سەمرىتىدىغان دۇب ياڭىقى بولسىلا بولدى.

— ۋۇ قارايۈز، — دەپ ۋارقىراپتۇ دۇب دەرىخى، — سەت كۆزلىرىڭنى يۇقىرىغا بىر قاراتساڭ شۇ چاغدا بىلىسەن، ئۇ ياڭاقلارنىڭ ھەممىسى مەندىن ھاسىل بولغان.

نادان ئادەملەر ئاشۇ توڭگۇزغا ئوخشاش، قارىغۇلارچە گەپ قىلىدۇ. ئۇلار ئىلىم - ئېرپاننى كۆزگە ئىلماي مەسخىرە قىلىدۇ، ئىلىم مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۆزىچە مەنسىتمەي يوققا چىقىرىۋەتمەكچى بولىدۇ، ۋەھالەنكى ئۆزلىرىنىڭ دەل ئاشۇ ئىلىم مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ.



# ئۆمۈچۈك بىلەن ھەسەل ھەرىسى

ئەگەر ئەقىللىقلىقىڭ كىشىلەرگە پايدا يەتكۈزمىسە، قازچىلىك جەلپكار بولغىنىڭ بىلەن مەن سېنى بەرىبىر كەم ئەقىل چاغلايمەن.

※ ※

سودىگەر بىر نەچچە توپ گەزلىمىنى بازارغا سāپتۇ. بۇ ناھايىتى بازىرى ئىتتىك مال ئىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ ئوقىتى بەرىكەت تېپىپتۇ. خېرىدارلار ئەتراپقا ئولىشىۋېلىپ ئۇنى بەكمۇ ئالدىرىتىپ قويۇپتۇ. ئۇ پۇتۇنلەي ۋاز - ۋاڭچىلىق ئىچىدە قاپتۇ.

سودىگەرنىڭ ماللىرىنى ناھايىتى ئىتتىك سېتىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆمۈچۈكنىڭ كۆزى قىزىرىپتۇ ۋە ئاز دەسمايە بىلەن كۆپ پايدا ئېلىش ئوبدان ئىشكەنغۇ، مەنمۇ قىلسام قاملاشتۇرىمەن، دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ دېرىزە پوكىيىدە تىجارەت باشلاپ ھېلىقى سودىگەرنىڭ سودىسىنى تارتىۋالماقچى بوپتۇ - دە، دەرھال ئىشقا كىرىشىپ، كېچىچە ئۇخلىماي تور توقۇشقا باشلاپتۇ، تورنى كېلىشتۈرۈپ توقۇپ بولۇپ، كېرىلىپ يېتىپ دەم ئاپتۇ، دۇكىنىدىن بىر قەدەممۇ نېرى كەتكۈسى كەلمەپتۇ. «ئەمدى ياخشى بولدى» دەپ ئويلاپتۇ ئۇ، «تاڭ ئېتىشى بىلەنلا چوقۇم خېرىدارلار مېنىڭ ئەتراپىمغا ئولىشىدۇ!»

تاڭمۇ ئېتىپتۇ، لېكىن شۇنداق بىر ئېچىنىشلىق ئىش بوپتۇكى، سۈپۈرگە بىرلا پۇلاڭشىپ بىزنىڭ بۇ تالانت ئىگى-





# كرىلوف مەسەللىرى

مىز بىلەن ئۆنىڭ دۈكىنىنى بىراقلا سۈپۈرۈۋېتىپتۇ.

— ۋۇ ئاناڭنى ! — دەپتۇ ئۆمۈچۈك غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، — بۇ نېمىدېگەن ئادالەتسىزلىك. بۇ جاھاننىڭ ئادەملىرى دەپ باقسۇنچۇ قېنى، كىمنىڭ توقۇغان نەرسىسى چىرايلىق، سودىگەرنىڭ گەزلىمىسىمۇ ياكى مېنىڭ تورۇممۇ؟

— بۇ گەپكە مەن جاۋاب بېرەي، — دەپتۇ ئىشچان ھەسەل ھەرىسى، — ئەلۋەتتە، سېنىڭكى چىرايلىق. بۇ بىزگە بۇرۇندىنلا مەلۇم، لېكىن سەندىن سوراپ باقاي، سەن توقۇغان تورنىڭ نېمىگە پايدىسى بار؟ يا ئۇنى كىيىم قىلىپ كىيگىلى، يا ئۇنىڭدىن ئىسسىقلىق ئالغىلى بولمىسا !



# تۈلكە بىلەن ئېشەك

— تىنچلىقمۇ، ئالىم دوستۇم، بىرەر يەردىن كېلىۋاتامسەن نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ تۈلكە ئېشەكتىن.

— ھەئە، بايا شىرنىڭ ئۆڭكۈرىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتىم، قارىسام شىرنىڭ ھالى ناھايىتى پەس. ئۇنىڭ بۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى زادىلا كۆرمىگەنىكەنمەن. بۇرۇن ئۇ بىرلا ھۆركىرىسە پۈتۈن ئورمان زىلزىلىگە كېلىپ كېتەتتى، مەنمۇ يىراق بىر يەرگە يوشۇرۇنۇۋېلىش ئۈچۈن ئالدى - كەينىمگە قارىماي قاچاتتىم. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ قېرىپ ئاجىزلاپ، كۈچىدىن پۈتۈنلەي قاپتۇ، ئىككى - ئۈچ كۈنلۈكى قالغاندەك تۇرىدۇ، ئۆڭكۈردە ياغاچتەك قېتىپ ياتىدۇ. مەن ھەرگىز يالغان سۆزلەۋاتقىنىم يوق، ھازىر ئۇنىڭدىن ھېچقانداق يىرتقۇچ ھايۋان قورقمايدىكەن، ھەممىسى ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن كېلىۋاتىدۇ، كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىلا پۇرسەت كەلدى دەپ، ئۆزلىرى توغرا تاپقان چارە - ئۇسۇل بىلەن ئۇنىڭدىن ھېساب ئېلىۋاتىدۇ، بەزىلىرى چىشلەپ، بەزىلىرى ئۇسۇپ دېگەندەك.

— سەنچۇ؟ — دەپتۇ تۈلكە، — شىر قاتتىق كېسەل بولۇپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا سەن ئۇنىڭغا ھۆرمەت كۆرسەتكەنسەن.

— مېنى بەكمۇ يارامسىز چاغلايدىغان ئوخشىمامسەن! مەن نېمىشقا قورققۇدەكمەن؟ ئۇنى تازا پۇخادىن چىققۇچە تېپىۋالدىم، ئۇنىڭغا ئېشەكنىڭ تۇيىقى قانداق بولىدىغانلىقىنى





بىر بىلدۈرۈپ قويدۇم دېگىنە !

※ ※

ھوقۇقۇڭ، نام ـ ئابرۇيۇڭ بار چاغدا، پەسكەش ئادەملەر ساڭا باش كۆتۈرۈپمۇ قارىيالمايدۇ، ۋەھالەنكى تەختى ـ بەختىڭدىن ئايرىلغان چاغدا، ساڭا ئەڭ زەھەرىنى سانجىيدىغانلار ھەممىدىن بۇرۇن شۇلاردۇر.





# چىۋىن بىلەن ھەسەل ھەرىسى

بىر يىلى ئەتىيازدا، بىر چىۋىن گۈللۈكنىڭ ياقىسىدىكى چۆپلۈكتە پاناھلىنىپ يېتىپ، گۈللەر ئارىسىدا شىرنە يىغىپ يۈرگەن ھەسەل ھەرىسىنى كۆرۈپتۇ - دە، ئۇنىڭغا كۆيۈنگەن-دەك قىلىپ:

— شۇنداق بەختلىك كۈنلەردە، — دەپتۇ چىۋىن، — ئە-تىگەندىن - كەچكىچە ئىشلەيسەن، ئىشلەپ زېرىكمىدىڭمۇ، ئورنۇڭدا مەن بولۇپ قالغان بولسام بىر سائەتكىمۇ چىدىماي تۈگەشكەن بولاتتىم. مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا قارىغىنا، جەننەتتى-كىدىن ئوبدان ياشايمەن. مېھمانغا بېرىپ ئۇسسۇل ئويناپ يۈ-رۈشتىن باشقا ھېچقانداق ئىشىم يوق. شەھەردىكى ئەڭ ئوبدان ئۆيلەر، ئەڭ پۇللۇق، ئەڭ مەرتىۋىلىك كىشىلەر ماڭا پۈتۈنلەي تونۇش ! ناۋادا مېنىڭ يەيدىغان تاماقلىرىمنى كۆرسەڭ قالتىس ئىش بولاتتى ! توي زىياپىتى دېمىسەن، تۇغۇلغان كۈن زىياپى-تى دېمىسەن، خۇشۇم تۇتسىلا ھەممىنىڭ ئالدىدا بېرىۋېرىمەن، ئەڭ ياخشى تاماقنىڭ ئۈستىگە قونۇۋېلىپ، تازا مەززە قى-لىپ، بولۇشىغا يەيمەن، خرۇستالدەك سۈزۈك رومكىلاردىن ئېسىل مەي - شارابلارنى غورتۇلدىتىپ شۇمۇرۇۋېلىشىممۇ بار تېخى. مەن مېھمانلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا بېرىپ، تائاملارنىڭ ھەممىسىگە قاراپ بېقىپ، ئەڭ ئېسىلىنى تاللاپ يەيمەن. خا-نىم - قىزلارغا ئۆزۈممۇ ئامراق، سەتەڭلىرىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرىمەن، تېخى ئۇلارنىڭ يۈزىگە، ئالمىدەك مەڭزىل-رىگە ياكى ئاپئاق بويۇنلىرىغا يېپىشىپ مۈگدەپمۇ قالىمەن.





# كرىلوف مەسەللىرى

— بۇ ماڭا مەلۇم، — دەپتۇ ھەسەل ھەرىسى، — سىنى بەك خۇشال قىلىدىغان ئىشلار بەلكىم مۇشۇ بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، مەن ناھايىتى يامان بىر ئىغۋانى ئاڭلىدىم، سىنى ھېچكىم ياخشى كۆرمەيدىكەن، داستىخانغا كېلىۋالساڭ ھەممە ئادەمنىڭ غەزىپى ئۆرلەيدىكەن، شۇڭا دېرىزىدىن كىرىشىڭگىلا خەقلەر سېنى يۈز - خاتىر قىلماي قوغلاپ چىقىرىدىكەن.

— دېرىزىدىن دەمسەن؟ قوغلاپ چىقىرىدىكەن دەۋاتامسەن؟ — دەپتۇ چىۋىن ھەسرەتلىك تىنىپ قويۇپ، — ۋايجانەي، ئۇ قانچىلىك ئىش دەيسەن، ئۇ دېرىزىدىن قوغلىسا، بۇ دېرىزىدىن كىرىۋېرىمەن شۇ.








# يىلان بىلەن قوزا

يىلان بىر ياغاچنىڭ ئاستىغا كىرىۋېلىپ پۈتۈن جاھانغا ئۆچمەنلىك نەزىرى بىلەن قاراپتۇ. يىلاننىڭ ئۆچمەنلىكتىن بۆلەك ئىشى بولمىغاندىكىن شۇنداق قىلىدۇ ـ دە. بۇ ئۇنىڭ تەبىئىتى.

شوخ قوزىچاقمۇ پەسكە قاراپ شۇ يولدا كېلىۋاتقانىكەن، ئۇ بۇ يەردە يىلاننىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىكەن، ھەتتا ئۇنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىكەن. يىلان ئۆمىلەپ چىقىپ ئۇنى چېقىۋاپتۇ. بىچارە قوزىچاقنىڭ كۆزىگە سۆيۈملۈك ئاسمان قاپقاراڭغۇ بولۇپ كۆرۈنۈپتۇ، زەھەر ئۇنىڭ قېنىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۇ تەستە نەپەس ئېلىپ يىلاندىن:

— قايسى گۇناھىمغا مېنى بۇ كۈنگە دۇچار قىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— كىم بىلىدۇ، — دەپتۇ يىلان ۋىشىلداپ، — بەلكىم مېنى دەسسەپ مىجىقمىنى چىقىرىۋېتىشىڭمۇ مۇمكىن؟ بېشىمغا بالا كەلمىسۇن دەپ سېنى ئۆلتۈردۈم.

قوزا:

— خاتا قىلدىڭ ! — دەپتۇ ـ دە، سۆزىنىڭ ئايىغىنى چۈشۈرەلمەي ئۆلۈپتۇ.

بەزىلەرنىڭ كۆڭلى ئەسلىدىلا مۇشۇنداق قارا كېلىدۇ، ئۇلاردا مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە دوستلۇق دېگەندىن قىلچە ئەسەر بولمايدۇ، ئۇلار پۈتۈن ئىنسانىيەتكە نەپرەتلىنىپ، ھەممىلا ئادەمنى دۈشمەن چاغلايدۇ.







[General Information]
书名=克雷洛夫寓言 3　维吾尔文
SS号=40250860